ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah. Sok. 41
No. 7/4 Tel : [redacted]
Zeytinburnu - İstanbul

# ئويغانغان ئۇيغۇر

(ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم باقى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى

# مۇندەرىجە


ئويغانغان ئۇيغۇر ...... مېلىك شەيىي، ئوراز راخمان، مامۇت تەرجىمىسى 1

ئاددىي ـ ئۇلۇغ ئادەم ...... ھەبىبۇللا مۇھەممەت، جېلىل ئابدۇراخمان، 64

بىچارە كۈلكىلەر ...... ئەركىن روزى 89



تەھرىر ھەيئەتلەر: ھەبىبۇللا رېقىپ، ئابلىكىم باقى، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا

مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

مۇقاۋا ۋە ئىچتولنى ئىسمايىل ئىبراھىم لايىھەلىگەن

قىستۇرما رەسىملەرنى ئابلىمىت ئىشلىگەن


## ئويغانغان ئۇيغۇر

## (ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى)


ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۈزگەن

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تارقاتقان

ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر

شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1989 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى

32 فورمات، تىراژى: 3000

ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ رۇخسەت نومۇرى ـ 30

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.



(ئەدەبىي ئاخبارات)

مېلك شىبېي، لو لۇاۇ

راخمان مامۇت تەرجىمىسى

پويىز ئۈرۈمچىگە ئاز قالدى. ئەنۋەرنىڭ يۇرتىـ
دىن ئايرىلغىنىغا ئون سەككىز يىل بولغانىدى. ھازىر
ئۇ كىشىلىك ھاياتقا بولغان ئاجايىپ كۆركەم پىلانلار
بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى
ئاستىدىكى چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدە ئەينى چاغلاردىكى بالىـ
لىقلىرىنىڭ ئىپادىلىرى يوقالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى شاڭـ
خەي، خاڭجۇ رايونلىرىدىكى زىچ ئۇچۇر بورانلىرى
تەسىرىدىن ئېچىلغان، ئۆرۈپ - سوقۇلۇپ پىشقان
پىكىرلىرىدىن ھاسىل بولغان قويۇق پەلسەپىۋى مەنە
ئۇچقۇنلىرى ئىگىلىگەنىدى. بۇ ئۇچقۇنلار ئۇنىڭ تەپەككۇر
بالداقلىرىغا قانچىلىك ئۆرلىگەنلىكىنى تولۇق ئىپادىـ
لەپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا خاڭجۇلۇق چىرايـ
لىق خوتۇنى چېن لىۋېي ئولتۇراتتى. ئۇ بىرەر سائەتـ

لەردىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تۈۋى ئىنچىكە كېلىپ، ئۆزى-
گە ناتونۇش بىر خىل تۇرمۇش شارائىتى بىلەن ئۇچرى-
شاتتى. ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىدا، قويۇندەك ئۆتۈپ كېتىـ
ۋاتقان تاغلار، دەل-دەرەخلەر، ئۆي-ئىمارەتلەرگە
قارايتتى، ۋۇجۇددىكى قورقۇش، غەم ۋە خۇشاللىقلار
بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە، چىرايىدىكى
ئىپادىنىڭ نېمىگە ياتىدىغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. ئاندا-ساندا بېشىنى بۇ تەرەپكە بۇ-
رىغان چاغلىرىدا، كۆزلىرىدىن سۇس ئەندىشە ئالامەت-
لىرى بايقىلىپ قالاتتى.

ئەنۋەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— دادام، ئاپام، سىڭىللىرىم چوقۇم يېڭى ئىستانـ
سىدا بىزنى كۈتۈۋالغىلى چىقتى. ئۇلار سىنى كۆرسە
خۇشال بولىدۇ، — دېدى. چېن ليۇيى كۈلۈپلا قويدى.

ئەنۋەرنىڭ ئۆيىدىكىلىرى يېڭى ئىستانسىدا ئۇلار-
نىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە بىرىنچى
بولۇپ كۆرۈنگىنى ئاپىسى تاجىگۈل بولدى. تاجىگۈل
ئۆزبېك ئايال ئىدى. ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ
ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردى. بىراق، خەنزۇ كېلىنىنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە، چىرايىدىكى كۈلكە يوقاپ، بىر
خىل ئوڭايسىزلىنىش ئىچىدە بىردىنلا توختاپ قالدى.
دادىسى توختى باقى يىراقراق بىر يەردە تۇراتتى،
چىرايىدا ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە خۇشال بولغان
ئىپادە يوق ئىدى. سىڭلىسى بىر چامادانني كۆتۈرۈپ
ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاكا، — دېدى ئۇ، — بۇ چاماداندا سېنىڭ كىيىملىرىڭ بار. دادام سېنىڭ قىسقا ئىشتان كىيىشىڭنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇيەدە سېنىڭ كېلىشىڭنى ساقلاپ تۇرغان تۇغقانلارمۇ جىق. پاقالچاقلىرىڭنى ئېچىپ يۈرۈشۈڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ، دادام سۆز-چۆچەككە قالىسەن. شۇڭا ئاۋۇ ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشتىنىڭنى يەڭگۈشلىۋال.

دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ئېچىۋېتىشنىڭ دولقۇنلىرى كونا قاراشلارنىڭ قاتمۇ-قات توساقلىرىنى يېرىپ تاشلاپ، ئادەتتىكى بىر دېھقانمۇ ياشلارنىڭ كىيىنىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بوپكەتتى، ھەررەڭ-سەررەڭ كىيىملەرنى كىيىۋالسىمۇ ئوخشاش. بۇ يەردە ھەتتا دادامدەك داڭلىق ئالىم ئادەملەرمۇ قىسقا ئىشتان كىيىشنى ئېغىزغا سىغدۇرالمايدىكەنمە، ئەنۋەرنىڭ سەل جۇدۇنى تۇتتى، شۇندىقتىمۇ مېجەزىدىكى چاھىللىقىنى يېڭىپ، دادىسىغا بويسۇندى.

ئەنۋەر خوتۇنىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ئۆيدىكىلەرنىڭ ئانچە خۇشال ئەمەسلىكىنى بايقاپ قالدى. دادىسى بىلەن ئاپىسىغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى غەمگە چۆكەتتى، بەزىدە ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپمۇ قالاتتى، ئاپىسى پات-پات: «ليۇيى ئىشتان كىيىپ يۈرمىسۇن، بىزگە ئوخشاش كۆڭلەك كىيسۇن»، «ئوغلۇڭغا چاپسان ئۇيغۇرچە گەپ ئۆگەت، ئۇيغۇرچە گەپ بىلمىسە قانداق ئۇيغۇر بولىدۇ» دەيتتى. دادىسى

ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ئۆزى دېمىسىمۇ، ئەنۋەرنىڭ سىڭلىسى ئارقىلىق: «مېھمانلار كەلگەندە دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە باشلىسۇن، خەنزۇ ياشلىرىغا ئوخشاش كارى يوق، پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرمىسۇن»، «چوڭلارنى كۆرگەندە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەرسۇن، خەنزۇلارغا ئوخشاش قول ئېلىشىپلا بولدى قىلمىسۇن» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى دېگۈزەتتى. ئەنۋەر بۇ ئىشلارغا ئاجايىپ ھەيران بولدى. ئاپىسى 50 - يىللاردا بېيجىڭدىكى شىنخۇا باش ئاخبارات ئىدارىسىدە ئىش-لەيدىغان ۋاقتىدا، داڭلىق مۇخبىر خۇبو بىلەن بىللە جۇڭنەنخەيگە كىرىپ جۇڭياڭ رەھبەرلىرىنى رەسىمگە تارتىپ يۈرگەن چاغلىرىدا نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆڭلى - كۆكسى ئوچۇق ئايال ئىدى، بۈگۈنكىدەك ئەرزى-مەس ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇپراتمايتتى. دادىسىنىڭ مەر-دانە ئوبرازىمۇ خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئورناپ كەتكەنىدى. 1959 - يىلى ئەنۋەر-نىڭ بالا ۋاقىتلىرى ئىدى. ئۇ بېيجىڭنىڭ سىرتىدىكى بىر تۈرمىگە دادىسىنى ئالغىلى باردى. ئۇنىڭ تەسەۋ-ۋۇرىدا دادىسى چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، كىيىملىر-رى جۇلجۇل، چىرايى چۈشكۈن بىر ئادەم ئىدى. دادىسى تۈرمىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلگەندە، ئەنۋەر ھەيران قالدى: دادىسىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئۆزى مەغرۇر ئىدى، چىرايلىق يۈزىدە ھايات-تىكى بارلىق غەم - قايغۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋې-

تىدىغان بىر پارچە ئوتتا ئوخشاش بىر خىل تەبەسسۇم پارلاپ تۇراتتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بېشىدا، ئەنىۋەر تەكلىپ بىلەن جىجىيالى ئۆلكىلىك داخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە خىزمەتكە ماڭدى. ئۇچاغدا دادىسى جىن - شەيتانلار قاتاردا تارتىپ چىقىرىلىپ، دۆھبىسىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن خەت بىلار ئاقلاتا بىلەن يۈرەتتى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ يەنە شۇنداق ئىزىمدۋار ئىدى. ئىككى قېتىملىق چوڭتۇر ئەسىرات ئەنىۋەرنىڭ يۈرىكىگە مۆھۈردەك بېسىلىپ،خۇددى تىلسىم ئەينەكتەك ئۇنىڭغا دائىم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەر قېتىم يۈرىكىنى ئاچچىق غەم تۇمانلىرى قاپلىغاندا، شۇ تىلسىم ئەينەككە قارىسا، ئۇ تۇمانلاردىن ئەسەرمۇ قالمايتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ مۇشۇنچە يىل ياشىغاندىن كېيىن،روھىي جەھەتتە ئۆزگىرىپ، قانداقتۇر بىر نېمىدىن ئېھتىيات قىلىدىغاندەك بولۇپ قاپتۇ. بۇ خىل ھالەت سولچىل لۇشيەن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغلاردا بولغان بولسا، چۈشىنىشكە بولاتتى، لېكىن ھازىر سىياسىي ئاتموسفېرا شۇنچىلىك كەڭرى زامان تۇرسا!

ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە قەدىمكى زاماندىكى ئات ئۈستىدە يۈرىدىغان مىللەتلەردىن قېپقالغان بەزى ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇلار ھازىرمۇ ئىشى يوق چاغلاردا ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ تام تۈۋلىرىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ

پارىكلىرى باشقىلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقلىرى
ئۈستىدىكى گەپ - سۆزلەردىن ئەلۋەتتە خالىي ئەمەس،
ئۇنى نەچچە يىل خەنزۇ رايونلىرىدا يۈرگەن بىر
ئۇيغۇر خەنزۇ خوتۇنى بىلەن بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە
گەپ بىلمەيدىغان ئوغلىنى يۇرتىغا ئېلىپ كېلىۋىدى،
شۇئان بىكار تەلەپلەرگە سۆز - چۆچەك بولدى:
«چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى شۇنچە كۆپ تۇرسا، قىز
تېپىلمىغاندەك خەنزۇدىن خوتۇن ئېپكەپتۇ، ئۇلارچوقۇم
ئوغرىلىقچە چوشقا گۆشى يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىم
كىرسۇن»، «ئوغلى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى بىلمىسە،
ئۇنى ئۇيغۇر دېگىلى بولامدۇ!»، «مېنىڭچە ئۇ مەسچىت-
كىمۇ بولمايدۇ» ... بۇ گەپ - سۆزلەر تام تۈۋىلى-
رىدىلا قېپقالماي، بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئەنۋەرنىڭ
دوست - يارەنلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قۇلى-
قىغا، ھەتتا ئۆيدىكىلىرىگىمۇ يەتتى. ئۇ بىر خىل بۇ
بىر خىل گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىۋېرىپ، ئاخىر
كۆتۈرگۈسىز بىر نەرسىگە ئايلاندى، ئەنۋەر ئۆزى-
نىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى.

ئەنۋەر دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىن كەلگەن.
ئۇ يەرلەردە ھازىر رىقابەت ئەۋج ئېلىپ، ئىجتىمائىي
تۇرمۇشقىچە سىڭىپ كىردى، ۋاقىت رىتىمى ئىنتايىن
تېزلىشىپ كەتتى، تۇرمۇشتىكى غەيرىي ئىللەتلەر يو-
قىلىشقا يۈزلەندى، ئادەملەر ئالدىراش، ھارغان - تال-
غانغا قارىماي تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك-

تە. شىنجاڭدا بولسا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋېتىپتۇ، ھازىرمۇ كىشىلەر بىكارچىلىقتىن لاغايلاپ يۈرۈشىدىكەن، يەنە تېخى باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ئۈستىدە ئۇنى-بۇنى دېيىشكە تولۇق ۋاقتىمۇ بار ئىكەن. ئەنۋەر مۇشۇ بىر نۇقتىدىنلا كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان نەرسىلەرنى بايقىدى.

ئۇنىڭ تاغىسى دائىم ئىشىكتىن كىرىپلا كوچا-كويلاردا ئاڭلىغان گەپلىرىنى سۆزلەپ كېتەتتى. گەرچە دادىسىنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، ئەمما ھېسسىياتىدىكى مايىللىقىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى. ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىمۇ نارازىلىقلىرى يىغىلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ سەلبىي ئادەملەر قاتارىدا پەسلەشتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىدىيالماي، شۇئان ئەنۋەرنىڭ تاغىسىغا رەددىيە بېرىپ: «سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ چېچى مېنىڭ ئوغلۇمنىڭكىدىن ئۇزۇن، خەنزۇچە گەپنىمۇ مېنىڭ ئوغلۇمدىن ياخشى سۆزلەيدىغان تۇرسا، نېمىشقا ئۆزۈڭگە قاراپ باقمايسەن؟!» دەيتتى.

ئۇلارنىڭ بىر قوشنىسى مەنىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەنۋەرگە:

— سېنىڭ چېچىڭنى ئىنچىكىلىمۇ بولامدۇ؟ — دەپ سوئال قويدى. بىر *قېتىم قۇربان ھېيت كۈنىدە ئەنۋەر توخۇ بوغۇزلاۋاتاتتى، يەنە بىر قوشنىسى كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن:

— سەنمۇ ھېيت قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى. ئىككى قېتىملىق بۇ ئىشتىن ئەنۋەر ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەن-دەك ھېس قىلىپ، ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۇ قوشنىسىغا:

— مەن بىر ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلار نېمە يېسە مەنمۇ شۇنى يەيمەن، ئۇيغۇر تۇرۇپ نېمىشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيتىنى قىلمايدىكەنمەن؟ خالىساڭ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ مېھمان بولۇپ باق، قانداق؟ — دېدى.

ئەنۋەر ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشنىڭ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ دۇچ كېلىۋاتقىنى بىر ياكى ئىككى ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر تالاي گەۋدىلەر ئىچىدىن چىقى-ۋاتقان ھېسسىيات توساقلىرى ئىدى. بۇ توساقلارنىڭ گەپ-سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغىنى مىڭدىن بىر بولۇپ، كۆز، قول ھەرىكەتلىرى، گەپ ئۇرغۇلىرى، چىراي ئىپادىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىرى تېخىمۇ قويۇق، تېخىمۇ ئېغىر ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ توساقلار بەزىدە سۇيۇقلۇققا ئوخشاش تولىمۇ يۇمشاق ئىدى، بەزىدە قىرلىرى كۆپ قاتتىق جىسىمغا ئوخشاش قاتتىق ئىدى، تېگىپلا كەتسە ئادەمنى زەخمىلەندۈرۈپ، روھىي جەھەتتىن تەھدىت سېلىپ تۇراتتى، كونا جەمئىيەتتە، ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىرەر ئادەم مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە مۇ-خالىپ ئىش قىلىپ، «كاپىر» دەپ ئاتىلىپ قالسا، ئۇ ئادەم پۈتۈن جەمئىيەتتە يېتىم قالاتتى. ئاخىر چىداپ تۇرالماي تەكلىمانغا قېچىپ كېتىپ، تۇغرا قىلىق ئىچىدە

بېلىق تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، چارقىلىق ناھىيىسى ئەتراپىدىكى چۆللۈكتىن چاچلىرى ئۆسۈپ ياۋايى ئادەمگە ئوخشاپ قالغان ئاشۇنداق بەختسىزلەر تېپىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىنغانىدى. ئەنۋەر بۇنى ھېس قىلىپ يەتتى، ئاتا-ئانىسىنىڭ قورقىدىغىنىمۇ ئاشۇ خىل ھېسسىيات تۇساقلىرى ئىدى. ئەگەر ئۇ ئېھتىيات قىلماي، بۇ تۇساقلارغا تېگىپلا كېتىدىغان بولسا، ئاشۇ خىلدىكى يىتىم قېلىش ئاقىۋىتىگە قالاتتى.

ئەنۋەر ئۆزىدىكى باشقىلارغا تېگىپ كېتىپ، ئۇلاردا ئاسانلا شۇ خىل تۇساقلارنى پەيدا قىلىدىغان بەزى ئامىللارنى ئىمكان بارتۇگىتىپ ماڭدى. ئۇيغۇر-لار ھەرقانداق ئىشتا بىر-بىرىگە ناھايىتى ھۆرمەت-چان كېلىدۇ. ئەنۋەر يۇرتداشلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇ خىل ئەدەب-ئەخلاققا قاتتىق دىققەت قىلىپ، چوڭ-كىچىك، يۇقىرى-تۆۋەن دېمەي، ھەممىلا ئادەمگە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى، كەمتەر، مۇلايىم بولدى. خوتۇنىمۇ ئەل ئارىسىغا چۆكۈشنى بىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى بىلەن چىراي-شەكلى قاملاشقان ۋە چىرايلىق كېلىدۇ. ليۇيىنىڭ تېرىسى سۈزۈك، بويى زىلۋا بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايلىق مودا كىيىملىرىنى كىيىپ تۇي-تۆكۈن ۋە زىياپەتلەرگە بارىدىغان بولسا ھەممە ئادەمنىڭ نەزەرى چۈشۈپ، شۇ سورۇنلارنىڭ گۈلىگە ئايلىناتتى. ئۆيىگە مېھمان

كەلسە، ليۈيى ھۆرمەت بىلەن ئۇلارغا پەتنۇستا چاي
ياكى تەملىك قەھۋە تۇتاتتى، ئۇرۇق - تۇغقان ياكى
ھۆرمەتچان مېھمانلار كېلىپ قالسا، ئۈستەلگە قەن،
ھەسەل، پىچىنە، نان دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزى-
ۋېتەتتى. كەلگەنلەر ئايال مېھمان بولسا، ئۇلارغا
ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى، ئەر مېھمان بولسا، ئۈن-
تىنسىز چىقىپ كېتىپ باشقا ئۆيدە ئولتۇراتتى. بۇ
نەق ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەتەي
بىرەر غەيرىي پۇراقنى ھىدلاش مەقسىتىدە كىرگەن
ئادەملەرمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۈمىدسىزلىنىپ
چىقىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ قېنىدا ئىككى
مىللەتنىڭ قېنى بولغاچقىمۇ، ئۇ تۆت ياش تۇرۇپ
شۇنچىلىك ئەقىللىق ئىدى، دادىسى ئۆگەتكەن ئۇي-
غۇرچە سۆزلەرنى تېزلا ئۆگىنىۋالاتتى. بىر كۈنى ئۇ
بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، بوۋىسى بىلەن مومىسى
ئۇنى ئۆيدە قالدۇرۇپ بىر يەرگە بېرىپ كېلىش توغ-
رۇلۇق ئۇيغۇرچە سۆزلەشتى. نەۋرىسى ئۇلارنىڭ نېمە
دېيىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدا: «بول-
مايدۇ! بولمايدۇ!» دەپ غەلۋە قىلدى. بوۋىسى نەۋ-
رىسىنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىگەنلىكىگە خۇش بولۇپ كېتىپ،
ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى ۋە: «مېنىڭ نەۋرەم
ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ، ئەمدى ھەقىقىي
ئۇيغۇر بولدى» دەپ كەتتى.

ئەنۋەر شىنجاڭغا يېڭى سەنئەت قارىشى، يېڭى

ئۇسسۇل ئۇچۇرلىرى ۋە مول ئىجادىيەت تەجرى-
بىلىرىنى ئېلىپ كەلگەندى، لېكىن ئۇنىڭ قەدرىگە
يېتىدىغان ئادەم چىقمىدى. دەسلەپتە ئۇ خىزمىتىنى
شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىدىن ئۇقۇشقانىدى، ئەمما
سەنئەت مەكتىپى ھەرخىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ
ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. سەنئەت مەكتەپ
سەنئەت شۆيۈەنىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بو-
لۇپ، ئاخىر تۇرغۇن يول مېڭىشلار ئارقىلىق قوبۇل
قىلىندى. شۇ چاغدا فاكۇلتېتتىكى بىر يولداش
ئۇنىڭدىن: «سىز نېمە قىلالايسىز؟» دەپ سورىدى،
ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. «ئۇسسۇل
ئوينىيالايمەن»، دەپ جاۋاب بەردى ئەنۋەر. «ئۇيغۇر
ئۇسسۇلىنى بىلەمسىز؟»، «مەن مەركىزىي مىللەتلەر
شۆيۈەنىدە ئۇسسۇل ئۆگەنگەن، چېچەك ئۆلكىلىك
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئۇسسۇل ئويىنىغان ھەم
ئىجادمۇ قىلغان»، «ئەمىسە كېيىملىرىڭىزنى سېلىۋې-
تىپ، مەشىق زالىدا بىر ئويناپ باقامسىز». ئەنۋەر
بۇ گەپكە چىداپ تۇرالماي: «بولىدۇ. سىزمۇ كىيىم-
لىرىڭىزنى سېلىۋېتىپ مەن بىللە بېرىڭ، ئىك-
كىمىز بەسلىشىپ باقايلى» دېدى. ئۇ ئادەم ئەن-
ۋەرنىڭ بۇ تەكلىپىنى ناھايىتى تەستە قوبۇل قىلدى.
نەتىجىدە، ئۇ ياقنىڭ ئويىنىغىنى ئارىلاشما ئۇسسۇل
بولۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى.
ئەنۋەر ئۆز ئىلتىماسىنى، شىنجاڭنى سۆيەتتى. ئۇنىڭ

ئەزىز يۇرتى شىنجاڭغا قاراپ قانات قېقىپ تۇرغان
يۈرىكىنى جەننەت تۇسىنى ئالغان خاڭجۇ، سۇجۇلارمۇ،
جېجياڭنىڭ ئۇسسۇل سەھنىسىدىكى چولپانلىقىمۇ، چىرايـ
لىق ئايالى، گۈزەل دىيار، ئىللىق ماكانمۇ توسۇپ
قالالمىدى. ئۇ شىنجاڭنى كەڭرى زېمىنى، شېرىن ـ
شەربەت مېۋىلىرى، مەزىلىك پولۇ ـ كاۋاپلىرى ئۈچۈن
سېغىنغان ئەمەس، ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى بولمايدىغىنى
شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى ئىدى. 1982 ـ يىلى
دالىيەندە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۇسسۇل مۇسابىـ
قىسى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەنۋەر «مېنىڭ راۋابىم» نى
ئىجاد قىلغان ھاجى راخمان بىلەن كېچە ـ كېچىلەپ
پاراڭلىشىپ چىققانىدى، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ
ھازىرقى ھالىتى توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، ھاجى راخـ
مان توختىماي ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ، سۆز بىلەن
دەپ بولمايدىغان بىر خىل يوشۇرۇن ئازابىنى ئىپادىـ
لىگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھاجى راخماننىڭ چەت
ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش ئالدىدا يۈرەك كېسەلى
قوزغىلىپ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا
شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ
ئۇسسۇل ئاسمىنىدىكى غايەت زور بىر يۇلتۇز ئۆچـ
كەنىدى. ئەنۋەر بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنى باسالماي،
غەرب تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ ھۆر ـ ھۆر يىغلىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى
قوزغىغۇدەك بىرمۇ ئەسەر مەيدانغا چىقىپ باقمىدى،

مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق
باھالاشتا داۋاملىق ئارقىدا قالدى. بەزىدە ئېتىبار
بېرىش يۈزىسىدىن، باشتىچە نام بىلەن ئازراق تەسەل-
لىي مۇكاپاتلىرىنىمۇ بېرىپ قويدى. ئەنۋەر ئۆزى
شەرقىي دېڭىز تەرەپتە تۇرۇۋاتسىمۇ، ئەمما نەزىرى
ھامان غەربىي دىياردا ئىدى. يىراقتا تۇرۇپ كۆزەت-
كەندە، ئادەم ھېسسىيات تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرىگە
ئاسان ئۇچرىمايدۇ، شەيئىلەرگە بىرقەدەر ئوبيېكتىپ
باھا بېرىش ئاسان بولىدۇ. ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى
ئارقىدا قالدى. ئەنۋەر نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايت-
تى، بىر جايىدا ئولتۇرالمايتتى، «نېمىشقا قايتماي-
مەن» دەپ ئىچ-ئىچىدىن ئىزا قىلاتتى.

ئەنۋەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ھەممىنى بىلى-
دىغاندەك ناھايىتى كۆرەڭ ئىدى، ھېچكىمنى كۆزىگە
ئىلمايتتى. ئەنۋەر خاڭجۇنىڭ شىخۇ كۆلىدىكى ياقۇت
بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ سۇدىن لىق بىر
چىنە ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر تال تۆمۈر تەڭگە تاشلىسا،
سۇ تېشىپ كەتمەي تەڭگىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىۋا-
لاتتى. بۇ يەردىكى يۇرتداشلىرىنىڭ كۆڭلىدە بولسا
يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىۋالغۇدەك زەررىچىمۇ
بوشلۇق يوق ئىدى. ئەنۋەر يۈرەكنى لەرزىگە
سالىدىغان دەپ قارىغان ئۇچۇرلارنى ئەتراپىدىكى
ئادەملەر ھېچبىر ئەھمىيەتسىز خەۋەرلەردەكلا ئاڭلاپ
قوياتتى ھەتتا: مۇشۇنىڭغىمۇ ھەيران قالغان بارمۇ،

دېيىشىپ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇشاتتى. بەزى ئادەملەر دائىم ئەنۋەرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ: «ھەي، بالام!» دەپ قوياتتى. بۇنداق ئادەملەر ئەنۋەردىن كۆپ بولسا بىر - ئىككى ياش چوڭ ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى ئەنۋەرنىڭكىدىن كۆپ تار ئىدى. دەسلەپتە ئەنۋەر ئۇلارنى ناھايىتى بىلىملىك ئادەملەر بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتى، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كىمنىڭ بىلىمى چوڭقۇر، كىمنىڭ تېيىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يېڭى ئۇسسۇل قارىشى دېگەن نەرسە يوق ئىدى، ھەتتا ئون ئىككى مۇقام، دولان، سەنەم دېگەنلەرگە بولغان چۈشەنچىلىرىمۇ يۈزەلا بىر چۈشەنچىدە توختاپ قالغانىدى. ئەنۋەر ناھايىتى جىددىي سوئاللار بىلەن ئۇلارنىڭ كۆرەڭلىكلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ساختىلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلىۋەتسىمۇ، ئۇلار ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمەي، خىجىل بولغاندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قوياتتى. چۈنكى ئۇلار ئامالسىز - دە.

ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنۋەر نۇرغۇن سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرۈپ باقتى، ھېچقايسىسىدا بۆسۈش يوق ئىدى. كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىگە مەدھىيە ئوقۇشىغا يول قويمىدى، ئۇنداق قىلىش بىخۇتلۇق بولاتتى. ئۇ يۈكسەك سەمىمىيلىك بىلەن: «بىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىمىز ئارقىدا

قاپتۇ» دېگەن ئىنتايىن قايغۇلۇق بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتى. بەزى ئادەملەر بىلەن ئايرىم سۆزلەشسىڭىز، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇھەقتىكى قايغۇرۇشلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلاشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئۈچلا ئادەم بىر يەردە بولۇپ قالسا، شۇئان تەلەپپۇزلىرىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى توغرۇلۇق ئازراقلا گەپ بولسا خۇددى ئۆز مىللىتىنىڭ شەرىپىنى ھاقارەتلەۋاتقاندەك قىلىشىپ كېتىدۇ. باشقىلار دېسە مەيلى، ئەمما ئۇنداق گەپ ئەنۋەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان بولسا، ئۇلاردا دەررۇ باشقىچە ئىنكاس پەيدا بولۇپ، ئۇنى بىھۇدە قايغۇرۇپ كەتتىنىڭ، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ، يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈۋاتىسەن، دەپ ئەيىبلىشىدۇ، بەزىلەر تېخى زەردە گەپ قىلىپ: «ئەمدى سەن ئۆز مىللىتىڭنىڭ ئۇسسۇلىنىمۇ ياراتمايدىغان بولدۇڭمۇ؟» دېيىشىدۇ ۋە: «پالانى دۆلەتنىڭ پادىشاھى شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ، ھاياجانلىنىپ بىرنەچچە كېچە ئۇخلىيالماپتۇ؛ پۇستانى دۆلەتنىڭ گېزىتلىرى پۈتۈن بەت ئاجرىتىپ، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، دەپ ماختاپتۇ، ھەتتا بۇ دۆلەتنىڭ ئاتاقلىق ئارتىسلىرىمۇ بىزنىڭ ئۇسسۇلىمىزغا قول قويۇپتۇ؛ ئۇ دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى قاراڭغۇ بازاردىن بىر بېلەتنى ئۈچ يۈز ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋېلىپ كۆرۈپتۇ...» دېگەندەك ئاجايىپ،

غارايىپ پاكىتلار بىلەن ئەنۋەرنىڭ بىر تەرەپلىمە
قاراشلىرىنى تۈزەتمەكچى بولۇشىدۇ. بۇ خەۋەرلەر
شۇ يەردىلا قالماي، مىللەتكە بولغان ئوتتەك قىز-
غىن ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇنىڭ
ئاغزىغا كۆچۈپ يۈردى، ئۇلار شۇنداق ئىشنىڭ بارلى-
قىغا ئىشىنىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن گۇمان قىلمايدۇ.
بۇ، ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە كىيدۈرۈلگەن
ئالتۇن قالپاق بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنمەس بۇ قالپاق
تىياتىرخانىلاردىكى ئورۇنلارنىڭ بوش قېلىۋاتقانلىقى-
دەك پاكىتلار ئارقىلىق رەھىمسىزلىك بىلەن پاچاق-
لىنىپ كەتسىمۇ، ئۇ ئادەملەر كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ،
ئۇنىڭغا قاراشنى خالىمايدۇ. ئەنۋەر ئادەملەردە،
ئۆز مىللىتىنىڭ ھەرقانداق نەرسىسىنى ياخشى دەيدى-
غان، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرمەيدىغان، ئۆز مىللىتىدىن
باشقىلارنىڭ ھەرقانداق نەرسىسىنى چەتكە قاقىدىغان
بىر خىل مەنتىقە شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە دەس-
لەپتە ئۆزى ھېس قىلغان ھېسسىيات تۇساقلىرىنىڭ
ئىنتايىن زىچ بېكىتىدە چەمبەرلىرىدە ئايلانغانلىقىنى
ھېس قىلىپ قالدى. بۇ چەمبەرلەر كۆزگە كۆرۈن-
مەيتتى، ئەمما شۇنچىلىك مۇستەھكەم ئىدى. ئە-
نۋەر ئۇ چەمبەرلەرنىڭ سىرتىدا قېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە
كىرىشكە مۇمكىنچىلىك تاپالمىدى.

ئۇنىڭ دادىسى بىلىملىك ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇرلار-

نىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئەنۋەر دادىسىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— دادا، سەن بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك جەھەتتە بېكىنمە ھالەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىمىدىڭمۇ؟

— نېمە؟ سەن قانداق قىلىپ بۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىڭ؟

ئەنۋەر دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. دادىسىغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر ئالىم ئادەممۇ ئاشۇنداق بىر چەمبەر ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمىسە، باشقىلار قانداق سەزسۇن. ئەنۋەر بارغانسېرى غەمگە پاتتى.

ئەنۋەر فرېيود، جونگ، ماسلولارنىڭ كىتابلىرىنى، ھەر خىل پىسخولوگىيە بىلىملىرىنى ئوقۇدى، بېكىنمىچىلىكنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەئى ئۈستىدە ئىزدەندى. كېچە سائەت بىر بولغاندىمۇ، ئۇ ئۈستەلدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، سائەت ئىككىمۇ بولاتتى... ئوقۇۋېرىپ بېشى ئاغرىپ كەتسە بالكونغا چىقاتتى، شەھەردە چىراغلار ئۆچكەن، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. خاڭجۇدا كېچە-كۈندۈز ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇرۇمچىدە بولسا كېچە شۇنچىلىك جىمجىت ۋە خاتىرجەم، ھەممە نەرسە گويا كېچە دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتكەندەك تىمتاسچىلىق، ئۈستۈمتۈت ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىگە رىشاتكىلار، قاشا

تاملار، يۇمىلاق ياغاچ تۇڭلار، سېپىللار كۆرۈنگەندەك
بولدى... يۈرىكى چەمبەرلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ
كەتتى. ئۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن
بۇغدا چوققىسىغا تىكىلىپ، ئېغىر خۇرسىنىشقا باشلىدى.
بىر كېچە، ئىككى كېچە ئۆتتى... ئەنسۋەر ئاخىرى
ئويلاپ يەتتى: شىنجاڭدا تاغ تىزمىلىرى ۋە كەڭ كەتكەن
قۇملۇقلاردىن تەبىئىي بېكىك گەۋدە ھاسىل بولغان.
قەدىمكى زاماندا ئات ئۈستىدە ياشىغان مىللەتلەر
بىلەن شەرق ۋە غەرب سۆدىگەرلىرىگە رەھمەت،
ئۇلار مۇشۇ بېكىك چەمبەر ئىچىنى كېزىپ ئۆتۈپ،
بۇ يەرلەر بىلەن كەڭ دۇنيانى تۇتاشتۇرىدىغان ئۇزۇن
بىر كارىدور ھاسىل قىلغان، نەتىجىدە، خىلمۇ - خىل
مەدەنىيەتلەر مۇشۇ ماكاندا بىر - بىرى بىلەن ئۇچ-
راشقان، ئۇيغۇر مىللىتىدە يوكسەك بىر مەرتىلىك يېـ
تىشتۇرگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز مىللىتىگە مەنـ
سۇپ بولمىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، شانلىق
قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى ياراتقان. يېقىنقى بىر
نەچچە ئون يىللاردىن بېرى، دۇنيا بىلەن باغلىنىپ
تۇرغان ئۇ كارىدور تاقىلىپ قېلىپ، شىنجاڭ يەنە
شۇ تەبىئىي بېكىك گەۋدە ئىچىدە قالدى. چېكىدىن
ئاشقان سولچىل لۇشيەننىڭ ئۆزى بېكىنمىچىلىك
لۇشيەن بولۇپ، بۇ لۇشيەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە پەيدا
قىلغان قېيداش پسىخىكىسى ئۇ خىل بېكىك ھالەتـ
نى تېخىمۇ چىڭىتىۋەتكەن. بىر توپ خەلق سىرت

بىلەن ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا، يېڭى ئۆ-
چۈرلار بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاپ ۋە تەمىنلەپ تۇرمىسا،
ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، ئۇلار پىسخىكا جەھەتتە
كېسەل ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ، سىرتتىن كىرگەن
شەيئىلەردىن قورقىدىغان، يېڭى شاماللار خۇددى ئۆزىدە
بار نەرسىلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەي-
دىغان ھالەتلەر شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئەگەر تارىخىي
بىرپا بولمىغان بولسا يەنە ياخشى ئىدى. خەنزۇلاردا
تۆت چوڭ كەشپىيات بولغانغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ
«تۈركى تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئون
ئىككى مۇقام» لار بار. ئەنىۋەر خاڭجۇنى ئەسلىدى.
خاڭجۇ بىلەن شاڭخەي چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۈچ
بۇلۇڭ رايونىغا جايلاشقان، ئارىلىقىمۇ ناھايىتى
يېقىن، ئەمما خاڭجۇ قاتتىق بېكىنمە ھالەتتە. ئەنىۋەر
بۇنىڭ سەۋەبىنى كونا خاڭجۇلۇقلاردىن سۈرۈشتۈرگەنمۇ
بولدى. ئەسلىدە خاڭجۇ بەش خانلىق دەۋرىدە
ۋۇ يۆ دۆلەتلىرى قۇرۇلغان، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە پايتەخت قىلىنغان جاي ئىكەن. لىيۇ يۇڭ
خاڭجۇ ھەققىدە مۇنداق يازغان: «جۇغراپىيىلىك ئورنى
پايتەختكە لايىق، ئەزەلدىن باي - باياشات ماكان».
مۇشۇنداق بىر پارلاق تارىخ كېيىنكى خاڭجۇلۇقلاردا
خاڭجۇدىن پەخىرلىنىدىغان بىر خىل ئەۋزەللىك تۇي-
غۇسىنى كەلتۈرۈپ قويغان، بۇنىڭغا تېخىمۇ پەخىرلەن-
گۈدەك يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ تۇرمىغاچقا، ئۇ خىل

ئەۋزەللىك تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە توساق سېلىپ
قويغان. ئۇيغۇرلاردىمۇ شۇنداق. شۇ خىل ئەۋزەللىك
ھېسسىياتى كوللېكتىپتا مەقسەتسىزلا كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ
سىرتقا ئىپادىلىگىنى پەۋقۇلئاددە بېقىندىلىق كەي-
پىيات، بۇ خىل بېقىندىلىق ئېلېكتىر ئىلمىنىڭ ئاسا-
سىي قائىدىسى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى بولۇپ،
ئۆزىگە ئوخشاشنى قوبۇل قىلىدۇ. غەيرىلەرنى چەتكە
قاقىدۇ.

ئەنۋەر ئۇسسۇل فاكۇلتېتىدا ئىشى يوق بىكار
قالغان چاغلىرىدا، ئۇيغۇر ئۇسسۇل دەرسلىكىنىڭ
پروگراممىسىنى تۈزەتتى، ئىچى پۇشۇپ قالسا كوچىغا
چىقىپ ئايلىنىپ كېلەتتى. ئۈرۈمچى ئون سەككىز
يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك بىر خىللا ھالەتتە ئەمەس
ئىدى، ھەر خىل بىنا، ھەر خىل تاۋارلار شەھەرگە
رەڭگارەڭ تۈس بېرىپ تۇراتتى. ئەنۋەر، تۇيۇق-
سىز بىر كىتابتا ئوقۇغان: ئادەملەرنىڭ تۈركۈملەپ
ئۇيان-بۇيان ئېقىپ يۈرۈشى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ
راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، دېگەن بىر نوقتىئى-
نەزەرنى ئەسلەپ قالدى. ئىسكەندەرنىڭ شەرققە
يۈرۈش قىلىشى، ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ شەرققە تاجا-
ۋۇز قىلىشى بىلەن غەربلىك نۇرغۇن ئادەم شەرققە
ئاقتى. ياۋروپا، ئاسىيا يايلاقلىرىدا قىدىرىپ يۈر-
گەن ھونلار، جۇرجانلار، موڭغۇللار، تۈركلەر ياۋرو-
پاغا تاجاۋۇز قىلىپ، شەرق ئاھالىرىنىڭ غەربكە

ئېقىپ بېرىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇ خىل ئېقىمشلار شۇ زاماندىكىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي خىلاپ ھالدا ئوبيېكت ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۈگۈن، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ماكاندىمۇ ئادەملەر ئىچىدە شۇنداق زور ئېقىمشلار بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقى ئېقىش ئۇرۇش ۋە بۇلاڭچىلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىقتىساد بىلەن ساياھەتتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بولۇۋاتىدۇ. قاراڭ، شەرق تەرەپتىن ئامېرىكا، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، جەنۇب تەرەپتىن پاكىستان، غەرب تەرەپتىن تۈركىيە، دېڭىز قولتۇقى دۆلەتلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي ئادەملەر كەلمەكتە. ئۇلار ئۆزى بىلەن بىللە ھەر خىل ئۇچۇرلارنىمۇ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. تۈركۈم - تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئىچكىرىگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتىدۇ؛ ئىچكىرىدىن قولى چىۋەر ھۈنەرۋەنلەر، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، كارخانىچىلار، يەككە تىجارەتچىلەر شىنجاڭغا چىقىۋاتىدۇ. ئايروپىلان، پويىزلار شۇلار بىلەن تولغان. ئاشۇ ئادەملەر ئېقىمىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلاپ ئەنىۋەرنىڭ يۈرىكى دولقۇنلىناتتى، يۈرەك قەپىزىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ئۇرۇلغان دولقۇنلاردىن سۇ چېچەكلىرى ھاسىل بولاتتى. بۇ دەۋرنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە ھەرقانداق بېكىنمە چەمبىرەكلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي گۇمران بولىدۇ.

بىر كۈنى كەچتە، ئەنسۇر خەلق مەيدانىغا
بېرىپ، بىر توپ ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى
چۆرىدەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ يەردە بىر نەچچە
ئۇيغۇر بالىلىرى ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى ئوينىشى-
ۋاتاتتى. چوڭلىرى ئون ئالتە، ئون يەتتە ياش، كىچىك-
لىرى ئون بىر - ئون ئىككى ياش ئىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن
ۋۇجۇدى سەنئەت ھوجەيرىلىرى بىلەن تولغانىدى.
ئۇلار ئۇسسۇل ئوينىسا، پۈتۈن بەدىنى خۇددى
نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن تولغىنىپ تۇرۇۋاتقان سان-
سىزلىغان يىلانلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايتتى، ھەتتا
باشلىرىمۇ يۇمشاق جىسىمدەك، قاياققا تولغىسا شۇ
ياققا ئېگىلىپ، ھەر خىل ھەرىكەت كۆرۈنۈشلىرىنى
چىقىرالايتتى. بالىلار ئۆزلىرى ھەر خىل نۇرلۇق
چىراغلارنى ياسىۋېلىشقان بولۇپ، شۇ چىراغلارنىڭ
بىردە قىزىل، بىردە يېشىل يېنىپ تۇرىدىغان نۇرلىرى
ئىچىدە ئالەم ئۇسسۇلى، چاقماق ئۇسسۇلى، دىسكو
ئۇسسۇللىرىنى ئوينىشاتتى، تاماشىبىنلارنىڭ زىچلىقىدىن
ئىچكىرىگە سىغدىلىپ كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
توپ ئىچىدە ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ بار ئىدى، بارىكاللا
ۋە چاۋاك سادالىرى توختىماي ياڭراپ تۇراتتى.
قارىغاندا، بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى ئويۇنى ئەمەستەك
قىلاتتى، تاماشىبىنلار بۇرۇندىن تونۇشتەك، ئۇلارنىڭ
ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ توۋلاپ تۇراتتى، بولۇپمۇ
ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى تاماشىبىنلارنىڭ نەزەرىدە

ئۇسسۇل چولپانى ئىدى. تاماشىبىنلار كۆرۈپلا قالـ
ماي، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىنى باھالايتتى. بۇ ئۇسسۇللار-
دىن ھەر خىل ئادەم ھەر خىل بەھىر ئالاتتى. بەرگەن
باھالارنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك دەرىجىسىمۇ
ئوخشاشمايتتى، ئەمما ھەممىنىڭ كۆزىدە تۇتقىنى بىرلا
نەرسە يەنى سەنئەتنىڭ ھاياتى ئىدى. بۇ مەن-
زىرىنى كۆرۈپ، ئەنۋەرنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى،
ئۇيغۇر ئۇسسۇلى مۇشۇ بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پارلاي-
دىغاندەك قىلاتتى. بۇ ئۇسسۇل چولپانلىرى ئۇسسۇل
يۇرتىدىن چىققان چولپانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايلىق
ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى گويا ئەنئەنە، گويا ئۇسسۇل
تىلى كىشەنلىرى بىلەن كىشەنلىنىپ، چىرايىدا ھايات
قىزىللىقى قالمىغان مۇس تەگرىچىسىنىڭ چىرايىغا
ئۈمىد ياغدۇسىنى چاچتى. بۇ كىچىك ئۇسسۇل مەستانىلىرى
ئېپتىدائىي ياۋايىلىق بىلەن ھازىرقى زامان روھىي
ھالىتى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇسسۇل
تىلى ئارقىلىق ئەنئەنىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇش
ئېلان قىلغان. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى گۈزەللىكتىن بەھرى-
لىنىش ئاڭ ئېقىمى ئىچىدىن يېڭى ئادىملارغا تەلپۈنى-
دىغان تاماشىبىنلار ئاللىبۇرۇن زېرىككەن ئەنئەنە رام-
كىلىرى ئۈستىنى دەسسەپ ئويناماقتا ئىدى. ئەنۋەر
بۇ رامكىنىڭ لىڭشىپ ئارانلا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.
تارىخىي قېرىلارنى بەزىدە چاتقاللىقلار ئىچىدىن ئەر-
زىمەس كىچىك ئادەملەر يۆلەپ ئېپچىقىپ قويىدۇ.

ئەنۋەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى
كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن چاپىنىنى سېلىۋېتىپ ئاشۇ
لىغىشىپ تۇرغان جازا ئۈستىگە چىقىپ ئوينىغۇسى كەل-
دى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاياجاندىن
ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇشتۇمتۇت، ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا چېھەنتاق دەرياسىنىڭ پەلەككە يەتكەن
دولقۇنلىرى ئىچىدە «قولىدىكى قىزىل بايراقنى بىر
تامچە سۇ تەككۈزمەي» ئۈزۈپ يۈرىدىغان ئەزىمەت-
لەرنىڭ ئوبرازى كېلىۋېلىپ، ئۆزىنىمۇ شۇلارنىڭ
ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەندەك ھېس قىلىپ قالدى. دولقۇن
ساداسى گويا مىڭلاپ دۇمباقلارنىڭ ساداسىدەك پە-
لەكنى تىترىتەتتى، كۈمۈش تاغ تىزمىلىرى پەيدا
قىلىۋاتقان ھەيۋەت دولقۇنلار نەرە تارتىپ ۋە ئاغ-
زىلىرىدىن كۆمۈش رەڭ ئۈنچىلەر چاچرىتىپ، ئەن-
ۋەرنى شۇ تاغلار ئاستىغا كۆمۈۋەتمەكچى بولاتتى.
ئەنۋەر ئۇ دولقۇنلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قىلچە قورقماي،
ئۆزىنى ئىرغىتىپ تاشلىغان بۇ دولقۇنلار چوققىسى-
دىن يەنە بىر يېڭى دولقۇنلار چوققىسىغا قاراپ
ئۆرلەيتتى. نېمىدېگەن خەتەرلىك كۆرۈنۈش بۇ - ھە!
ئىككى قىرغاقتىكى تاماشىبىنلارنىڭ قورقۇپ يۈرىكى
ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى، ئەمما ئەنۋەر شۇنداق
خەتەر ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرۈپمۇ، ئىشەنچ بىلەن كۈلۈپ
تۇراتتى.

ئاياغ تاۋۇشى ئۇنى شېرىن خىياللىرىدىن

ئويغىتىۋەتتى. ئايالى چېن لىيۇيى ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەنىدى. بايامقى ئۇنىڭ خىيالىمۇ ئەمەس، شىنخۇ كۆلى ۋادىسىدا ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇ شۇنداق بىر ئەزىمەت ئىدى. خاڭجۇدىن ئايرىلىدىغان ھارپا كۈنى ئۇ ئايالىغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل ئىشلىرىغا بولغان پىلانلىرى توغرۇلۇق بىر نەچچە قېتىم سۆزلىگەنىدى. ئۇنىڭغىمۇ بىر يىل بولاي دېدى، ئۇ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. «مەن راستىلا بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم، — دەيتتى ئۇ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، — دۇنيا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ».

ئۇنىڭ ئايالىنىڭ نەزىرىدە، ئەنۋەر بىلەن ئالاقىسى بار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى مۇلايىم، چىقىشقاق ئىدى، ئۇنىڭغا كۆزىنى ئالايتقان، قاپىقىنى تۈرگەن بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرمىدى، ئېرىمۇ ھېچكىم بىلەن قىزىرىشىپمۇ قالمايتتى. شۇنداق تۇرۇپ ئېرى نېمىدىن شۇنچە قايغۇرىدىغاندۇ؟ ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئىككى مىللەت - تە، ئۇنىڭ ناتونۇش مىللەتنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىشى، ئەلۋەتتە تەس. چېن لىيۇيى ئېرىگە قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، بۇ تەبەسسۇم ھەم تەسەللى، ھەم ئىلھام ئىدى.

ئەنۋەر سەھنىدە ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان

بىر كۆرۈنۈشنى كۆردى: ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-
ئۇسسۇل ئانسامبولىدىكى ئىبراھىمجان ئىجادقىلغان
«كېلىن» ناملىق ئۇسسۇل يېپيېڭى ئۇسسۇل تىلى
بىلەن مەيدانغا كەلگەنىدى. ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللاردىكى
تويى بولغان قىز قىزىل شايى چۈمپەردىنىڭ ئىچىدە
بولاتتى، ئىزا تارتىپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەيتتى،
ئەتراپىدا بىر توپ ئادەم، قىز شۇلارنىڭ سىزغان
سىزىقىدىن چىقمايتتى، ئىبراھىمجان ئاشۇنداق ئەنئەنى-
لەرگە قارشى ھالدا باشقا مىللەتلەر ۋە چەت ئەل
ئۇسسۇللىرىدىكى ئىپادىلەش سەنئەتلىرىنى دادىللىق
بىلەن قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئىچىگە
سىڭدۈرۈپ، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلغا ئايلاندۇرغان.
نەتىجىدە، كېلىن ھەقىقىي تۈردە سەھنىدىكى ئاساسىي
گەۋدە بولۇپ قالغان. ئۇ يېڭى دەۋرنىڭ كېلىنى
بولۇپ مەيدانغا چىققان، ھامان ئۆتمۈشتىكى كونىراپ
كەتكەن قائىدە-يوسۇنلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، چۈمپەر-
دىنى دادىللىق بىلەن ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، قىزغىن،
دادىل ۋە ئەركىن ئۇسسۇل تىلى ئارقىلىق كېلىن
قىزلارنىڭ قەلبىدىكى ئېيتقۇسىز شادلىقىنى، توي قىل-
غاندىن كېيىنكى تۇرمۇشتا بولغان ھېرىسمەنلىكلىرى
ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئەنئەنە رامكىلىرى
كېلىن قىزنىڭ ئەركىن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى بىر
قېلىپقا چۈشۈرۈۋالالمىغان. ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتلىرىدە
يېڭىچە كۈچلۈك بىر روھ ئىپادىلىنىپ تۇرغان. ئۇسسۇل

سەھنىسى ئېلىگىرى كەم - كۈتىسىز گۈزەللىك سەھ-
نىسى دەپ سانىلىپ كەلگەنىدى، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭدا
غارايىپ بىر نەرسە پەيدا بولۇپ، يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىچە
ھېس - تۇيغۇلىرى ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن
يالغۇز ئۇسسۇللا ئەمەس، كونا قاراشلار رامكى-
سىمۇ بىر چېتىدىن بۇزۇلدى. بېكىنمە چەمبەر ئىچى-
دىكى قېتىپ قالغان ھاۋادا قاتتىق سىلكىنىش پەيدا
بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بارىكاللا سادالىرى، گۇمان،
باش چايقاشلار، خۇرسىنىشلار، قاغىشلار ئاڭلاندى. بۇ
ئاۋازلار بىر - بىرىدىن قانداق پەرقلەنسۇن، ئىشتى-
لىپ، ئۆلۈك سۇدا قاينام پەيدا قىلغانىدى. ئەنۋەر
بۇ ئۇسسۇلنى كۆرۈپ، تاڭ نۇرىنى كۆرگەندەك ھاياجان-
لىنىپ، بىر يەردە ئولتۇرالماي، ئىبراھىمجاننىڭ يې-
نىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مەدەت ۋە تەشەككۈر ئېيتقۇسى
كېلىپ كەتتى.

ئەنۋەر ئىبراھىمجاننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ
ئىككى قولىنى مەھكەم قىستى. ئەنۋەر ئىبراھىم-
جاننىڭ چوڭ بېكىك چەمبەرنىڭ ئىچىدىكى كىچىك
بېكىك چەمبەر ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق
چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىشقا قانچىلىك جۈرئەت
كېرەك - ھە! ئەنۋەر ئىبراھىمجاننىڭ چىرايىدىن
مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردا بولىدىغان شادلىقنىڭ
ھېچقانداق بىر ئىپادىسىنى كۆرمىدى، قوشۇمىسى بى-
لىنەر - بىلىنمەس تۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئەنۋەر شەرتلىك

سۆزلەر ياردىمىسىزمۇ قارشى تەرەپنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنگەنىدى.

— قانداق، چىداش تەس بولۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىبراھىمجاندىن.

— كۆپ ئادەملەر «كېلىن» ئۇيغۇر كېلىنى بولماپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

— ئۇ بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ گېپى. ئۆتكەن ئاخشام تاماشىبىنلارنىڭ سىزگە قانچىلىك بارىكاللا ئېيتقانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ئۆز ۋاقتىدا موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى چاغلىرىمىزدا شامان پىرىخونلىرىنىڭ ئۇسسۇلى بىزنىڭ ئۇسسۇلىمىز ئىدى، بۈگۈنكىسى شۇنىڭدىن تەرەققىي قىلغان. ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئۇسسۇلى دېسەك شامان ئۇسسۇلىنى دېسەك بولىدۇ. كېيىن بىز كۇچا، ئىدىقۇت، قەشقەر ۋە ئىسلام-ئەرەب دۇنياسىنىڭ مۇزىكا-ئۇسسۇل سەنئىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇسسۇلنى ياراتتۇق. ئەمدى بىزگە كەلگەندە ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان كونا شەكىللەرگە ئېسىلىۋېلىپ قويۇۋەتمىسەك بولامدۇ؟

— مەن ئۇچراشقانلىكى ئادەملەر سەنئىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن رازى ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئۆز مىللىتىمىزنىڭ پىكىر بېسىمىدىن قورقۇپ ئىرادىسىگە قارشى گەپ قىلىشىدۇ. بىرەر ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بۇ خىل ھالەتكە خاتىمە بەرگەن، ھەممە

ئادەم كۆڭلىدىكىنى ئېيتالايدىغان بولسا بىر ئىش قىلماق ئاسان بولاتتى.

— كىمدىكى بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدىغان بولسا، شۇ كىشى يېتىم قالىدىغان گەپ.

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىننى بەرپا قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىمۇ يېتىم قېلىپ، مەككىدە تۇرالماپتىكەن، بىر قېتىم بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتىكەن. كېيىن مەدىنىگە كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. يېتىم قېلىشتىن سىزمۇ قورقىسىز، مەنمۇ قورقسام، ھەممىمىز جىم بولۇۋېلىپ، ياخشىچاقلا بولۇۋالساق، مىللىتىمىز قانداق تەرەققىي قىلىدۇ! مەن بىر پۇرسەت تېپىپ ئوتتۇرىغا چىقىمەن.

— دادا، بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن بىرەر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلسا بولاتتى، — ئەنۋەر دادىسىغا ناھايىتى جىددىي تۇرۇپ گەپ قىلدى.

ئەنۋەر يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، تۇختى باقى ئوغلىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئوغلى بارغانسېرى ئۇنىڭغا ناتونۇشتەك بىلىنمەكتە، ئۇنىڭ باشقىلاردىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدىغان گەپ - سۆزلىرى، دەلىل - ئىسپاتلارغا تولۇق بايانلىرى، بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى، ئېگىلمەس خاراكتېرى تۇختى باقىغا ناتونۇش ئىدى، شۇڭا ئوغلىنى باشقىدىن تونۇش زۆرۈردەك قىلاتتى. كۆپ چاغلار-

دا ئۇ ئوغلىدىن ئەنسىرەيتتى، ئۇنىڭ «كاپىر» دەپ
ئاتىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى، بەزىدە ئۇنىڭغا كۈچ ـ
قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوغلى شىنجاڭغا كېلىپ
بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇنداق
چاغلاردا ئەندىشىنىڭ ئورنىنى بىر خىل سۆيۈنۈش
ئىگىلەيتتى. ئوغلىنى قانچە كۆپ چۈشەنگەنسېرى،
ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئوبرازىنى
كۆرگەندەك بولاتتى، پېنسىيىگە چىققانلىقىغا قارىماي،
ۋۇجۇدىدا بىر كۈچ تېشىغا تېپىپ تۇرغاندەك بولاتتى.
ئۇنىڭ ھاياتى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتكەن ھايات
ئەمەس. ئون سەككىز ياشتا كىرگەن يىلى، گومىنداڭغا
قارشى بىر نەرسە يېزىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى ئۇنى تۈرمىگە تاشلىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى كېلىشىم تۈزگەندە،
ئۇ تۈرمىدىن چىقتى. كېلىشىم بۇزۇلغاندا، يەنە تۈر-
مىگە تاشلاندى. ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنىپ، قاتتىق
قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىدى، بىر قېتىم يېرىم داس
لازا سۈيىنى ئىچىمگە قۇيغاندا، روھى بەش كېچە ـ
كۈندۈز ئۇ دۇنيادا ئايلىنىپ يۈردى. كېيىن ھوشىغا
كېلىپ، بېشى ئېغىر، مەست ـ ئەلەس ھالەتتە يۈردى.
تۈرمە ئىچىدە بۈركە خۇددى چۈمۈلىدەك يامراپ يۈ-
رەتتى، ئۇنىڭ چېقىشلىرىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا ئۇنىڭغا بىر ئىش بىلەن مەش-
غۇل بولۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۇ كىتابنى ئويلىدى.

گۈزدېپاي گەنسۇ خېجۇلۇق تۇڭگان ئىدى. دېمەي ئېتى-
قادىنىڭ ئوخشاشلىقى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك
رول ئويناپ، نەتىجىدە ئۇ شۇ تۇڭگان ئارقىلىق سامان
قەغەزگە بېسىلغان، كونىراپ سارغىيىپ كەتكەن، مۇقا-
ۋىسىنىڭ يېرىمى يوق بىر كىتابقا ئىگە بولدى. بۇ
لۇشۈننىڭ «ئىسسىق شامال» دېگەن كىتابى ئىدى. ئۇ
بۇ كىتابقا قاتتىق بېرىلىپ كەتتى. بىر قېتىم ئۇ
خىشتا سۈركەپ پىچاقنىڭ بېسىدەك قىلىۋەتكەن بىر
پارچە ئۇستىخان بىلەن ئۆزىنى بوغۇزلىۋالماقچى بولۇپ
مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. ئەمدى ھازىر لۇشۈننىڭ
خاراكتېرى، ئۇسلۇبى، ئەقىل-پاراسىتى، ئۆزىگە
خاس ئۆتكۈر سۆزلىرى بىلەن ھاياتىنى سۇنماس قىلىپ
تاۋلىدى. ئۇ بۇ كىتابتىن لۇشۈننىڭ پەلسەپە شەمشىرى
بىلەن تارىخنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلغانلىقىنى
بايقىدى. ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا تەۋرەن-
مەس ئېتىقاد شەكىللەنگەندىن كېيىنكى ئىرادى-
ۋارلىق، روھىي جەھەتتىكى تۇمان ۋە چاڭ-توزان-
لارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنىڭ ۋە غەم-ئەندىشىلەرنى
كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ بىباھا ئەنئۇشتىرىدۇر. شۇنىڭدىن
كېيىن، توختى باقى لۇشۈنگە رىشتە باغلاپ، ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇر-
دى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا
لۇشۈن شامىلىنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىپ كەلدى.
ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ھاياتى ئۇنىڭدىكى لۇشۈن شامى-

لىنى يوقىتىۋېتەلمىگەنىدى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى لۇشۇن شامىلى بىر خىل بىكىنىك پىسىخىكا، بىكىنىك كەيپىياتلار تۈرپەيلىدىن ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئوغلى ئېلىپ كەلگەن كۆچاۋك شامال ئۇنى قايتا ئېسىگە كەلتۈردى.

— سېنىڭ ۋۇجۇدىڭدىمۇ لۇشۇن شامىلى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ ئوغلىغا.

ئەنۋەر بۇ سۆزنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى چۈشەنىپ، خۇشاللىقىنى باسالماي:

— دادا، مەن ئەمدى ئېگىرقىمايمەن، چۇقان سالمايمەن، — دېدى.

— لۇشۇن ياشىغان ئۇ دەۋرلەردە، خەنزۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ئادەملەر ئويغانمىغانىدى، قەدىمىي مەدەنىيىتىگە ئېتىقاد قىلاتتى، ئەجدادلىرىغا خۇراپىيلارچە چوقۇناتتى، ئۆزلىرىنى ياخشىلا دەيتتى، يامان تەرەپلىرىنى ھەرگىز تىلغا ئالمايتتى. لۇشۇن شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ غەزىپىگە قېلىشتىن قورقماي، قەلىمىنى پىچاق قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ روھىي يارىسىنى يېرىپ تاشلىغان. ئۇ چاغلاردا لۇشۇن يېتىم قالغان. ئەمدى تارىخ لۇشۇننىڭ ھەقىقىي مىللىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

— رەھمەت دادا.

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنى بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى

ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىسىل مەدەنىيەت
ئەنگىزىشتىرى دەپ قارايدۇ. بۇ رەڭدار نەپىس گۈل
رەڭگىدىن كېتىشكە باشلىغاندا، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ
ئۆچۈپ ۋايىم يەيدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بېرى
كۆڭلىدە دېگۈزدەك ئىشتىياقلىق دەپ تۇۋلاپ، مىللەتلەر
مۇناسىۋىتى تولىمۇ زىللىشىپ كەتتى. ئوخشاشمىغان
مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئادەملەر مۇناسىۋىتىمۇ ئىنچىكە-
لىشىپ، بىر - بىرىنى ماختاپ ئۆچۈرىدىغان، كەمچى-
لىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ ئالمـ
قانداق كەيپىياتىغا تېگىپ كېتىپ ئاۋارىچىلىقتا قېلىش-
تىن قورقىدىغان كەيپىيات پەيدا بولۇپ قالغانىدى.
شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئارقىدا
قالغانلىقى، بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقى توغرىسىدا
كىشىلەر ئاللابۇرۇنلا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغانىدى،
لېكىن بىرەر ئۇيغۇر يولداش بار سورۇندا بۇ توغ-
رۇلۇق گەپ قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمايتتى. باشقۇرۇش
ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئارقىدا قالغانلىقنى ئېتىراپ
قىلسا ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ئىنكار قىلىنىپ كې-
تىدىغاندەك، بۇ خىل پىكىرلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايت-
تى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەنسىۋەر ئوتتۇرىغا چىقىپ
گەپ قىلسا، باشقا مىللەتلەر ئىچىدىكى سەنئەت بىلەن
شۇغۇللىنىدىغانلار خۇشال بولماي تۇرالامدۇ؟ سانجى
خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تۆەن-
جاڭى جاك تىيەنسەي ئەنسىۋەر بىلەن كېچىكىپ تو-

نۇشقانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى.

— ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكا - ئۇسسۇل تەتقىقات يىغىنى پات ئارىدا ئېچىلماقچى، شۇ يىغىندا كۆز قارىشىڭىزنى قويۇپ باقسىڭىز قانداق؟ — دېدى ئۇ ئەنۋەرگە.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

— بۇ ياخشى گەپ بولدى. ئەمىسە بۇ يىغىننى سانجىدا ئاچايلى. بىز مېلىك يېزەن چېتىمرايلى، مەن ساھىپخان بولاي.

بىر نەچچە يىلدىن بېرى، شىنجاڭدا بىر نەچچە مىللەتنىڭ ئالىملىرى قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى سۇس بولۇپ كەلدى. ئىلمىي كۆز قاراشلارنىڭ توقۇنۇشلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ تىلىدا چەكلەنگەن بىر توساق مەۋجۇت ئىدى، ئازراقلا قىرى بار پىكىرلەر چىقىپ قالسا، شۇئان چەكلىنەتتى. ئوخشاشمىغان پىكىرلەر ئەگىتىپ قويۇلاتتى، مەقسەت تولىمۇ يوشۇرۇن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر مەنە ئۇققىلى بولمايتتى. بۇ قېتىمقى تەتقىقات يىغىنىغا كەلگەنلەر مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق بىلەتتى، بۇ تۈگۈنگە ئۆزىنى ئۇرىدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ چىقمايدىغانلىقىمۇ ئۇلارغا ئايان ئىدى، ھەممىلا ئادەم، بۇ يىغىنمۇ ماختاش، بارىكاللا ئوقۇشلار بىلەن تۈگەيدۇ، بەكرەك كۈچەپ كەتكىنى

ئانچە - مۇنچە تاتىلاپ قۇرۇقتىن - قۇرۇق بىرنېمىلەرنى دەپ قويار. يىغىن ئاخىرلاشقاندا زىياپەتتىن بىرنى يەپ، ئاندىن ھەممىمىز يوللىرىمىزغا راۋان بولىمىز دەپ ئويلايتتى.

ئەنۋەرنىڭ ئاشكارا سورۇنلاردا ئوتتۇرىغا چىقىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئورۇق ئېگىز گەۋدىسى، يۇمىلاق كەلگەن يۈزى، قويۇق قاشلىرى، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى، ئېگىز قاڭشىرى ئۇنىڭ تىپىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يەرگە تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن، مەدەنىيەتنى قايتا ئويلىنىش روھى بىلەن كەلگەنىدى. ئەگەر ئۇ بۇ يىغىندا باشقا مۇقامدا گەپ قىلىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ يۈرگەن ئادەملەرنى قاتتىق چۆچۈتمۈيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەگەر بۇ خىل مۇھەببەت يۈزە ھالەتتە توختاپ قالغان ساددا مۇھەببەت بولىدىغان بولسا، بۇ خىل مۇھەببەت پەقەت مەدھىيىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان مۇھەببەت بولىدۇ. ئەقىل سۈزگۈچى ئارقىلىق قارىغۇلارچە مۇھەببەتنى سۈزۈۋەتكەن مۇھەببەتلا ھەقىقىي مۇھەببەتتۇر، بۇ خىل مۇھەببەت بەزىدە ئۆتكۈر تەنقىدلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل مۇھەببەتنى ئۆز مىللىتىگە* قارىتا ساددا ھېسسىياتى بار ئادەملەرنىڭ چۈشىنىشى قىيىن. ئەنۋەر، يىغىندا ئۆزىگە ئۆز مىللىتىدىكى يولداشلار كەسكىن قارشى

تۇرۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، دەسلەپتىلا: «بىزنىڭ ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىمىز ئارقىدا قالدى!» دېدى. ئارقىدا قالدى، دېگەن بۇ ئىككى سۆز يىغىندىكىلەرگە خۇددى ئاسماندىن غايەت زور بىر تاش چۈشكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ بىر قاتار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى: بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى، شىنجاڭنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلىدا ئەنئەنىنى ساقلاپ قېلىشلا تەكىتلەندى، يېڭىلىق يارىتىش تەكىتلەنمەي، بارغانسېرى تاماشىبىنلاردىن ئايرىلىپ قالدى؛ ئەنئەنىگە ئېسىلىۋېلىش ئەنئەنىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ، يېڭىلىق ياراتقاندىلا ئەنئەنىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. «كېلىن» بۇ جەھەتتە يېڭى بىر بۆسۈش بولدى. ئۇنىڭ قىممىتى ئۇسسۇلنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى ئەنئەنە كىشەنلىرىنى بۆسۈپ تاشلىغانلىقىدا ... ئۇنىڭ ھەر بىر كېيى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان ۋە قوزغاش خاراكتېرىنى ئالغانىدى. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا چوڭ بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان دەۋردە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان تۇنجى ئويلىنىش ساداسى ئىدى. بۇ سادانىڭ دولقۇنى يىگىرمە يىل ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ناھايىتى ئاجىز ئىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ سادا چىققانىكەن، ھەرگىز يوقالمايتتى، شىنجاڭنىڭ تىمتاس ۋە پايانسىز ئاسمىنىدا تېخىمۇ زور ئەكس سادالارنى قوزغايتتى.

شۇ كۈنلەردە، توختى باقى پات-پات مۇرىسىنى

كۆتۈرۈپ، كۆكرىكىنى كېرىپ قويىدىغان، بەزىدە تېخى مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ ھاۋاغا شىلتىپ قويىدىغان بوپقالدى. گەرچە بۇ مەقسەتسىز قىلىنغان ھەرىكەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە بۆرتۈپ تۇرغان بىر كۈچنىڭ ئىپادىسى ئىدى. لۇشۈن ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك سۆزلەر ئوت بولۇپ ئۇنىڭ يۈرىكىدە يالقۇنلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ مەردانە سۆزلەرنى قىلىشىغا دەدەت بەردى، لېكىن يەنە ئوغلىنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرىدى. خىيالى بىردەم - بىردەم ئوغلىنىڭ يىغىنغا كېتەتتى، كۆزىگە ئۆز مىللىتىدىكىلەر قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئوغلىغا غەزەب بىلەن ھومىيىپ تۇرغانىدەك، ئوغلىنى قاتتىق ئەيىبلەپ كېتىۋاتقانىدەك، ئوغلى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، ئۆتكۈر گەپ - سۆزلەر ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. توختى باقى بىر ئاز قورقۇپ قالدى.

ئەنۋەر قايتىپ كەلدى.

— قانداق؟ يىغىندا سۆزلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئوغلىدىن.

— سۆزلىدىم.

— قارشى چىققانلار كۆپتۇ؟

— مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمغا قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ ئۇيغۇر بولماي خەنزۇ بولۇپ چىققانلىقى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن.

— ھە؟ بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلدىمۇ؟

— ئۇلارنى قوشۇلدۇ دەمسەن.

— ئەمىسە ئۇلار يىغىندا نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟

ئەنۋەر ئازاب بىلەن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، خىيالغا پاتتى. ئۇكۈنى ئۇ قېنى قىزىپ ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. كىشىلەرنى جاھىل مەنمەنچىلىك ئىچىدىن ئويغىتىش ئۈمىدىدە، خېلى ئاچچىق گەپلەرنى قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىدى، ھەممىسى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، سوغۇق نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. ئەنۋەر بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ئازابلاندى.

ئەنۋەرنىڭ سۆزلىرى ئىنكاس قوزغىمىدى ئەمەس، قوزغىدى. ئەمما يىغىندا ئەمەس، يىغىندىن كېيىن، يىغىندا سۆزلىگەندە گەپ-سۆزلەر ئورۇنلۇق، سىستېمىلىق، لوگىكىلىق ۋە چۈشىنىش بىرقەدەر قىيىنراق ھالەتتە بولىدۇ، ئارقىدىن گەپ قىلىشتا بولسا، گەپنى رامكا ئىچىدە قىلىش ھاجەتسىز، ئەركىن-ئازادە ۋە تاغدىن-باغدىن سۆزلىسىمۇ ھېچ گەپ يوق. يىغىندىكى گەپلەر مەدەنىيەت ئورگانلىرىغا يېتىپ باردى. بىر ئايال يولداش ئەنۋەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا: «ئاڭلىساق سىز، «كېلىن» دېگەن ئۇسۇلنى قوللاپسىز. بۇ ئۇسۇل بىزنىڭ ئەنئەنىمىزگە زىت» دېيىدى. «ئەمىسە سىز ئېيتىڭا، ئۇ ئۇسسۇلنىڭ نەرى ئەنئەنىگە

زىت؟» ئەنۋەر ئۇ ئايالدىن يانىدۇرۇپ سورىدى.
«كېلىن» نى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ، قۇسۇر ئىزدىسە ھەر
قانداق ئادەم ئۇنىڭدىن بىر تالاي سەۋەنلىك تاپىدۇ،
ئەلۋەتتە. «ئۇيغۇر ئۇسۇلىدا ئاياللار پۇتىنى كۆتۈر-
مەيدۇ. «كېلىن» دە پۇتىنى بەكمۇ ئېگىز كۆتۈرىدى-
كەن» دېدى ئۇ ئايال. ئەنۋەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ،
ئۇنى چوڭقۇر سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن ئېغىز
ئاچۇرماس قىلىۋەتكىلى بولىسىمۇ، ئەمما،
تۇرمۇشتىكى ئاددىي سائۋات بىلەن جاۋاب بېرەي
دەپ ئويلاپ: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۇرمۇشنىڭ ئىنى-
كاسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاياللار ئېرىقلاردىن ئۆت-
كەندە پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئاتلايدۇ. تۇرمۇشتا پۇتىنى
كۆتۈرسە بولىدىكەن ـ يۇ، سەھنىدە پۇتىنى كۆتۈرسە
نېمىشقا بولمايدىكەن»؟ دېدى. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ،
ئۇ ئايال يولداشنىڭ ئاغزى ئېتىلدى. ئەنۋەر بىر ئاز
تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن: «قانداق، مەنمۇ بىرنەرسە بىلەم-
دىكەنمەن؟» دەپ قويدى. چىرايىدا بولسا ئاچچىق بىر
تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى. ئۇ ئادەتتە يول ماڭغاندا
خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ناھايىتى تېتىك ماڭات-
تى. بۈگۈن كەيپىياتى باشقىچە بولۇپ، خۇددى ياغ
ئىچىۋالغاندەك كۆڭلى تۇتۇق يۈردى. ئەزەلدىن ئۇچ-
راپ باقمىغان ئەھۋالغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ھالسىز-
لىنىپ، پۇتلىرى بوشاپ كېتىۋاتقاندەك بوپكەتتى،
كاللىسىدا غۇۋا بىر سىزىم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى،
شۇڭا ئۇ خىل غۇۋا سىزىم روشەنلىشىپ، يۈرىكىنىڭ

چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مىللىي غۇرۇرىنىڭ ئازارىيەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، پىكىرلىرىنى راۋانلاشتۇرغۇسى كەلمىدى.

«شىنجاڭ سەنئىتى» نىڭ ياش تەھرىرى لى چىياڭ «شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇلى نەگە بارىدۇ» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە ئېلان قىلدى ۋە ماقالىسىدا شىنجاڭنىڭ تۇنجى سەنئەت بايرىمىدا ئوينالغان ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىغا تولىمۇ تۆۋەن مۇقام بىلەن ھەقىقىي باھا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى كىرىزىسكە ئۇچرىدى، دەپ كەسكىن ئېيتتى، خەنزۇلار ئادەتتە بۇ چەكلەنگەن رايونغا تېگىشتىن قورقاتتى ھەم شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قالاق ھالىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن قانات ئاستىغا ئېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ئىدى. ئەنىۋەر بۇ ئەھۋالغا ھەيران ئىدى. كېيىن ئۇ بۇ ئەھۋالغا پىسخىكا جەھەتتىن جاۋاب تاپقانىدۇ بولدى. بۇ ئادەملەر بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭگە ئوخشاش يىراق جايلاردىن كەلگەن بولۇپ، ساھىپخانلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇ ناخشا - ئۇسسۇللارنى ماختاپ قويغان. روشەنكى، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى تەكەللۇپ سۆزلەر، ئەگەر ئۇلار باشقا بىر مۇھىتتا كۆچۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەس، بېيجىڭنىڭ

مەملىكەتلىك ئۇسسۇل باھالاش ھەيئەتلىرى ئۈستىلىدە ئۆلتۈرۈلىدىغان بولسا، شىنجاڭدا كۆرگەن شۇ ئۇسسۇللىغا باشقىچە باھا بېرىشى تۇرغان گەپ. شۇنداق بولىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى نېمە ئۈچۈن مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە دائىم كەينىدە قالىدۇ؟ ئەپسۇسكى بەزى ئادەملەر ئەرزان باھالىق بۇنداق ئۇچۇرۇشلارنى قالقان قىلىپ، ئاممىنىڭ تەنقىدلىرىنى توسماقتا. ئەنسىزەر لىچياڭنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ، بۇ خىل ساپ مىللىي دوستلۇقتىن تەسىرلىنىپ، ئىچ - ئىچىگە پاتمىغان خۇشاللىق بىلەن لىچياڭنى زىيارەت قىلدى.

نەچچە ئون يىلدىن بېرى، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئەسەرلىرىگە رەھبىرىي ئورۇنلار باش لىڭشىتىدىغان، سەھنىگە چىقىپ بولغان نومۇرلارغا رەھبىرىي ئورۇنلار مۇقام بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر خىل ئادەت شەكىللىنىپ قالغان. شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا ئۈچ يۈز مىڭ يۈەن خەجلەپ تەييار قىلىنغان ۋە شانلىق نەتىجە سانىلىپ خۇلاسە دوكلاتلىرىغا كىرگۈزۈلگەن نومۇرلىرىنى ئادەتتىكى شەخسنىڭ ئىنكار قىلىشى مەلۇم باشلىقلارنى ھەيران قالدۇردى، بەزى باشلىقلارنىڭ چىشىغا تەگدى. بەزى باشلىقلارنى بىزار قىلدى، بەزى باشلىقلار ئۇنىڭ ماقالىسىغا نەزەرسىمۇ سالمىدى، يەنە بەزىلىرى . . . ئۇيغۇر كادىرلىرى مۇشۇنداق روھىي ھالەتتە بولسا، بۇنى

چۈشىنىشكە بولىدۇ، بىراق ئاشۇ «مەلۇم» لەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەنزۇ كادىرلار بولۇپ، ئۇلارمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى ياپماقتا، ئاقلىماقتا.

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ ئۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ؟ يەنە تېخى ئاقلايدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئەستايىدىللىقى، سەمىمىيلىكىنى چۈشىنىش بولمايدۇ.

ئەنۋەر ئىلچىياگا قولىنى بېرىپ:

— مەن ئۇيغۇرلۇق سۈپىتىم بىلەن سىزگە — خەنزۇ قېرىنداشىمىزغا سەمىمىي تەشەككۈرۈمنى ئېيتىمەن، — دېدى.

ئۇ ئىككىيلەن پىكرى بىر يەردىن چىققانلىقىدىن بەك خۇشال بولۇشتى. ئىلچىياگ ئۆزىنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى نۇرغۇن گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتتى، مىللەتلەر بىر ـ بىرىگە تازا ئىشىنىپ كېتەلمىگەندە، ھەر ئىككى تەرەپ كۆڭلىدىكىنى ئاشۇنداق ئىپادىلەيدۇ. ئەنۋەر ئويلىنىپ قالدى: «سىزنىڭ ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان ئالاھىدە ئىشتىياقىڭىزنى يازغان ماقالىڭىزنىڭ ھەر بىر خېتى، ھەر بىر قۇرىدىن ھېس قىلىپ يەتتىم. سىلەر خەنزۇلاردا: «ياخشى گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ تارىخىي نەزەر

بىلەن ئېيتقان سەممىي گەپلىرىڭىز ئازراق تېگىنى
بار ھەم قۇلاققا تازا يېقىپ كەتمەيدىغان گەپلەر.
كىشىلەر بىرەر ھالەتكە قارىتا ئاگاھلاندۇرغىنى يوقاتقان
چاغدا، ئۇلاردا دوختۇرغا ئوخشاش ئازراق يىڭنە سانچ-
ىپ قويۇش كېرەك. يىڭنىنى پۈتۈن بەدەن كۆيۈشكەنگە
قەدەر سانجىسا ئاندىن ئۈنۈمى بولىدۇ.

ئەنۋەرنى ئازراق خاتىرجەمسىزلىك چىرمىۋال-
دى. ئىزىنىڭ تايىنىدىغان ھوقۇقى بولمىغاچقا،
لى چياڭغا بىلدۈرگەن رەھمىتى پەقەت ئەخلاق قائىدىسى
ئۈستىدىلا قالدى. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ھەقىقەت
ھوقۇق تەرىپىدىن ئاياغ-ئاستى قىلىنىدىغان، مەسخى-
رىلىنىدىغان ئىشلار تۈگىمەيۋاتىدۇ. ئۇلار لى چياڭنى:
«ئۇ يازغان ماقالە ئۇيغۇر يولداشلارنىڭ ئىچىدە
يامان تەسىر پەيدا قىلدى» دېگەن گەپ بىلەن بېسى-
شى مۇمكىن. بۇ ئىنتايىن كىچىك بېسىم، ئەلۋەتتە.
بىرەر ئادەم مۇشۇنداقلا دەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا
ھېچقانداق ئادەم رەددىيە بېرەلمەيدۇ. ئەنۋەر شۇنداق
ئادەملەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى سېتىشىغا يول
قويماي، شۇ ھامان لى چياڭنىڭ كۆزقاراشلىرىنى قوللاپ
ماقالە يازدى.

تۇختى باقى ئوغلى يازغان ماقالىنىڭ ئۆز مىللى-
تىنىڭ روھىي دۇنياسىدا مەلۇم داۋالغۇشلارنى
پەيدا قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. خۇشاللىق،
غەزەپ، ماختاش، چۆكۈرۈش، قوللاش، ئەيىبلەشكە

ئوخشاش خىلمۇ خىل روھىي ھالەتلەر ئوغلىنىڭ ماقا-
لىسى تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بىر - بىرىگە
قاتتىق ئۇرۇلۇشلىرى مۇمكىن. تارىخمۇ ئاشۇنداق
ئۇرۇلۇشلار ئىچىدە قەدەم تاشلاپ ماڭغان، توختى باقى-
نىڭ بۇنىڭغا تەييارلىقى بار. ئەگەر شۇنداق ئۇرۇ-
لۇشلاردىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ ئوغلىنى
ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرىدىغان بولسا، بۇنىڭغا ئۇ
كۈلۈپ تۇرۇپ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. توختى باقى
نەنپىندىكى گۈللۈككە باردى. ئۇ يەردە كىشىلەر ئۈچ -
تۆتتىن توپ - توپ ئولتۇرۇپ تونۇش ئادەملەرنىڭ
گەپلىرىنى قىلىشاتتى. توختى باقى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا
كىرىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدى. ئۇلارنىڭ
پاراڭلىرى ھېچقانداق بىر ئىش بولمىغاندەك ئەھمى-
يەتسىز قۇرۇق پاراڭلار ئىدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ
ئىدارىسىگە كىرىپ باقتى، ئۇ يەردىمۇ ھېچقانداق ئىن-
كاس ئاڭلانمىدى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدىمۇ بۇنداق
ساقىن ھالەت مەۋجۇت ئەمەستۇ؟ ئۇ شۇ ئوي بىلەن
ئۇ ئورۇنلارغا بېرىپ ئۇ يەرلەردىكى پاراڭلارنىمۇ
ئاڭلاپ باقتى. ئۇ ئورۇنلاردا چەت ئەلگە چىقىش،
سىرتقا خىزمەتكە بېرىش، چەت ئەللىك مېھمانلارنى
كۈتۈۋېلىش، كادىر ئۆستۈرۈشكە ئوخشاش ھەممە قىزى-
قىدىغان پاراڭدىن باشقا پاراڭ يوق ئىدى. ھەممە يەر
تىمتاسچىلىق، ئوغلى يازغان ماقالە خۇددى تىۋى-
شىسىز يەرگە چۈشۈۋاتقان كۆز يوپۇرماقلىرىدەك

ھېچقانداق شاۋقۇن كۆتۈرەلمىگەنىدى، كىشىلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك شۇنچىلىك مەسىلىگە قارىتا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئاتـمىش ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان بۇ ئادەم بۇ ئىشنى قاتتىق ھار ئالدى، ئازابلاندى، ئوغلىنىڭ ماقالىسىنى ئېلىپ ھەممە يەردە: «ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇپ مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن مۇنازىرىلىشىڭلار!» دەپ خىتاب قىلدى. ئاۋازى سۈرلۈك ۋە ئېچىنىشلىق ئىدى. كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغايتتى، تىترەيتتى.

ھەقىقەتەن سىرتتىكى قىياپىتى پال - پۇل بولىسىمۇ، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتالايدۇ، ئىجابىي، سەلبىي جەـھەتلەردىكى پاكىتلار ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى تەدرىجىي كۆرسىتەلەيدۇ، كىشىلەردىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى سەۋرچانلىق بىلەن ئەقىل - ئىدراك قانىتى ئارقىلىق يوق قىلالايدۇ. كىشىلەر ئەنۋەر-نىڭ نۇتۇقى بىلەن ماقالىسىدىن ئەنئەنىنى كۆزىتىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلىنى بايقاپ يېڭى نەرسىلەرنى ھېس قىلا-لايدىغان بولدى. بىر كۈنى ئەنۋەر ئىبراھىمجاننى ئۇچرىتىپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئەنۋەرگە:

— ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىكى بەزى ئادەملەر «كېلىن» گە قارشى تۇرۇۋشتىن ئۇنى قوللاشقا ئۆتتى. مۇكەممەل كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قوللاي-دىغانلار ئاز ساندا، بىر - ئىككى ئېغىز گەپلەر بىلەن

قوللايدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلار ناھايىتى نۇرغۇن، — دېدى. ئەنۋەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ئىبراھىمجان بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئەنۋەر ئۆيىگە ناھايىتى خۇشال قايتتى. ئاپىسى تاجىگۈلنىڭ پولونى ئوخشىتىپ ئېتىشتە داڭقى بار ئىدى، ئۇ ئەتكەن پولونىڭ مەزىلىك پۇرىقى دىماقنى يېرىپ ئىشتىھانى ئاچاتتى. ئاتا - بالا ئىككىسى پولو يېگەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— دادا، — دېدى ئەنۋەر، — مەن بىر ئىشنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم: خەنزۇلار 4 - ماي ھەرىكىتىدە ئاقارتىش مائارىپىنى قوبۇل قىلىۋاتقان چاغلاردا، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇ ئېقىمىنىڭ سىرتىدا قالغانىكەن، شۇڭا بۇ دەرسنى تولۇقلىماي بولمايدىكەن. مەن ھازىر لۇشۇن «ئاكيۇنىڭ تەرجىمىھالى»نى يازغان چاغلاردا ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن قانچىلىك ئازاب چەككەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارغا ئوخشاش ئاشۇنداق ئاقارتىشقا مۇھتاج.

— نەزىرىمىزنى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىگىلا قارىتىۋالماي پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت روھىي ھالىتىگە قارىتىش كېرەك ئىكەن.

— ئۇنداقتا سەن باشقىلارنىڭ سېنى «كاپىر» دەپ

تىللىشىدىن قورقمامسەن؟ — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى دادىسى ئوغلىدىن.

ئەنۋەر ئورنىدىن ئىلىككىدە تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى جىددىي قىياپىتى بەئەينى يارقىن بىر ھەيكەلنىڭ ئۆزى ئىدى.

— دۆلىتىمىز ئۈچۈن قارىغا ئالىدىغان نىشان بولۇپ بېرىشكە رازىمەن، ھەممە تەرەپتىن ماڭا قارىتىپ ئوق ئاتسىمۇ مەيلى، قىپقىزىل قېنىم بىلەن باشقىلارنى ئاقارتىشقا تەييارمەن.

بۇ، لۇشۈن روھى ئىدى. توختى باقى بۇلۇتقا تاقاشقان بوغدا چوققىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئوغلىغا ئۇزاق قاراپ كەتتى.

ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە كىرىپلا:

— ئۆيۈڭدە لۇشۈن شامىلى بارغۇ؟ — دېدى.

— بۇ شامال پات ئاردا سىرتقا چىقىدۇ، — دېدى توختى باقى كۈلۈپ كېتىپ.

ئاقارتىشتا ھازىرقى دەۋر ئىگى بولۇش كېرەك. ئەنۋەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا بېرىلدى. يېرىم كېچىگىچە توختىماي ئوقۇيتتى، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، مەدەنىيەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنەتتى، ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرى ئاھايىتى كەڭرى ئىدى. يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇراتتى.

ئەنۋەر چۇقان كۆتۈردى. ئۇنىڭغا قارشى تۇرد-

دىغانلارمۇ چىقتى. ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇۋاتقىنى كۆز
قاراشلار بىلەن كۆز قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش
ئەمەس، بەلكى ئۇششاق - چۈششەك گەپ - سۆزلەردىن
يىغىلغان يوشۇرۇن ئۆچمەن ئىدى. بەزىلەر گەپنى ئاي-
لاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا باشقىچە تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاتتى.
«ئەنۋەر خىتايلارغا (ئۆتمۈشتە ئۇيغۇرلار خەنزۇلارنى
خىتاي دەپ كەمسۇندۇراتتى) يۆلىنىۋالدى» دېيىشەتتى
ئۇلار. بۇ، ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئېغىر ئالىدىغان گەپ
ئىدى. ئەنۋەر بۇنداق گەپلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن
كۆپ ئاڭلىغان، تام تىزۋىلىرىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ
ئولتۇرىدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتى-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەستەن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ
ئۇنى تىللىغان چاغلارمۇ بولغان. بۇنداق چاغلاردا
ئەنۋەرنىڭ يۈرىكى قاتتىق مۇجۇلاتتى. بۇنداق
مۇجۇلۇش غەزەپتىن ئەمەس، ئۇلارغا بولغان ئېچى-
نىشتىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى قانچە يۇقىرى بولسا،
مىللەتكە بولغان ئىشەنچىسى شۇنچە كەمچىل بولاتتى.
ئەنۋەر ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن ئاقارتىشنىڭ مۇھىم-
لىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. ئۇ يىغىندا شۇن-
داق دېدى: «بەزىلەر مېنى خىتايلارغا يۆلىنىۋالدى
دەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دېگىنى خاتا، خىتايلارغا يۆلى-
نىۋالدۇق ئەمەس، خىتايلار بىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆ-
تۈردى، كۆتۈرۈپ يۈرىۋاتقىنىمۇ قىرىق يىل بولاي
دېدى. خىتايلار بىزنى بېشىدا كۆتۈرۈپ چارچىدى،

ئەمدى بىز خىتايلارنىڭ بېشىدىن چۈشۈپ ئۇلارنى يۆلىشىمىز كېرەك». بىر قېتىم، ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى: «ئەنسۇر خىتايلار بىلەن ئوخشاش ئادەم» دېگەنىدى. ئەنسۇر ئۇ يولداشنى تېپىپ مۇلايىملىق بىلەن: «ئۇيغۇرلار ئادەم، خىتايلارمۇ ئادەم، خەق سېنى بىر مىللەتنى كەمسىتىۋاتىسەن دېسە، ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىسەن؟» دېدى، ئۇ ئادەم گەپ تاپالماي ئاغزىنى ئاچالماي قالدى.

توختى باقى ئوغلىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى ئەركىن - ئازادە، خۇشخۇي كەيپىياتىنى كۆرمەيدىغان بولدى. ئۇ ھازىرمۇ كۈلەتتى، ئەمما كۈلكىسى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، قوشۇمىسى ئازابتىن تۈرۈلۈپ تۇراتتى، بۇ، بىر ئادەمنىڭ سەممىي كۆڭلى خاتا چۈشىنىلگەن ھەتتا ھاقارەتلەنگەندە بولىدىغان ئازاب ئىدى. ئوغلىنىڭ ئازار يېگەن يىگانە كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

— ئەنسۇر، مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي.

ئۇ ھېكايىسىنى باشلىدى.

— بۇرۇن بىر تاشچى بار ئىكەن، بولقىسى ھەم قەلىمى بىلەن تاشلاردىن ئادەمنىڭ قاش، چاش، قوشۇما ۋە چىرايىدىكى كۈلكىلەرنى راستتەك ئويۇپ چىقىرالايدىكەن. شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىنىڭ بۇرنى بېجىرىم ئەمەس ئىكەن. بۇنىڭغا ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىكەن. ئۇ ئۆز مەملىكىتىدە قولى چىۋەر ئا-

شۇنداق بىر تاشچىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چا-
قىرتىپ: «سەن مېنىڭ بۇرنۇمنى تىزدىيەلەمسەن؟» دەپ
سوراپتۇ، تاشچى: «چاتاق يوق!» دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ-دە، شۇ ئان بولقا-ئىسكىنىلىرىنى ئېلىپ ئەم-
دىلا قولىنى كۆتۈرۈشىگە پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ
كەينىگە داجىپتۇ ۋە تاشچىنى، ئۆتۈپ كەتكەن پوچى
نېمىكەنسەن، دەپ ئەيىبلەپتۇ. تاشچى: «مەن پوچى
ئەمەس، مەن تاش يونۇيمەن، تاش مىدىر قىلماي،
بولقا-قەلەمگە بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇپ بېرىدۇ.
سىلى چىدىمايدىكەنلا ئەمەسمۇ دەپتۇ...

ئەنۋەر بۇ رىۋايەتنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ،
قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇنىڭ يېشى قىرىق ئەتراپىدا
بولسىمۇ، ھاياتىنىڭ ئىگىز-پەس يوللىرىدا خېلى
جاپالارنى تارتقان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ مەزگىلىدە
تۈرمىلەرگە تاشلانغان. دادىسى جىن-شەيتانلار قا-
تارىدا تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، جىن-شەي-
تاننىڭ كۈچۈكى دەپ قارىلىپ، شىنجاڭدا تۇرالماي،
ئۆزى يالغۇز ئىچكى موڭغۇلغا قېچىپ كەتكەن، مۇشۇن-
داق تۇرمۇش مۇھىتى ئۇنى قاتتىق سۆكەك قىلىپ
چېنىقتۇرغان.

— دادا خاتىرجەم بولغىن، — دېدى ئۇ دادىسى-
غا، — پادىشاھ چىدىمىغان بولسا مەن چىدايمەن.

كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «لاتقا» ئەن-
ۋەرنىڭ نەزەرىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈردى،

تىياتىردىكى قويۇق پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئەنۋەر-
دىكى ۋاقىت-قات ئىددىيە تومانلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى.
ھېسسى دۇنيادىكى غۇۋالىقلار ئەقلىي دۇنياغا كەلگەندە
روشەنلەشتى. ئۇ چوڭقۇر مىللەتلەرنىڭ تارىخ ئېقىمى
بىلەن پسىخىكا ئېقىمىنى ئېنىق كۆردى. چوڭقۇر مىللەت-
لەرنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت
پسىخىكىسىنىمۇ كۆرۈپ يەتتى. چوڭقۇر مىللەتلىرى
ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ نۇرغۇن جەھەت-
لەردە ئوخشاشلىقلىرى بار بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا ئۇزاق
تارىخقا، شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەتكە، مول مە-
دەنىي مىراسلارغا ئىگە، ھەر ئىككىسىنىڭ زېمىنىدە
ئېغىر تارىخىي يۈك بار. ئىككى گەپنىڭ بىرىدە خەن-
زۇلار تۆت چوڭ كەشپىياتنى، ئۇيغۇرلار «تۈركىي تىللار
دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئون ئىككى مۇقام»
نى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ھەر ئىككىسى يوغانلىق تالى-
شىپ، ئۆزىنىڭ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىل-
غۇسى كەلمەيدۇ.. باشقىلار كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ
بەرسە جان-جېنى چىقىدۇ، خەققە كەمسىتىش نەزەرى
بىلەن قارايدۇ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسە
ئۆزىنى باسالماي خۇشال بوپكېتىدۇ، ھەتتا ئۇنى
كۆپتۈرۈپ يوغىنىتىدۇ. خۇددى باشقىلارنى تىللىۋالسا
ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغاندەك، ئاغزىغا كەلگىنىچە
ھاقارەت قىلىدۇ. ئەنۋەر «لاتقا» نى كۆرۈپ، خەنزۇ-
لاردا بار بۇ خىل ئىللەتنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ بار ئىكەن-

لىكنى چۈشەندى.

تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزىنىڭ تارىخىدىن قارىغۇلارچە يەكلىنىپ يۈرگەن خەنزۇ پەيلاسوپلىرى، تارىخچى-لىرى، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، يازغۇچىلار، شائىر-لار، سەنئەتكارلار ئۆزلىرىگە ئويلىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ، خەنزۇ مىللىتىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ناھايىتى جىددىي تەرىزدە ئىنچىكە ئوپېراتسىيە قىلى-لىشقا باشلىدى، ئۇلار بۇنىڭدىن كېلىدىغان ئازابلارغا چىدىدى. «كونا قۇدۇق»، «قىزىل قوناقلىقتا»، «سېرىق توپىلىق يەر» فىلىملىرى ئەنە شۇنداق قايتا ئويلى-نىش روھ سىڭگەن بەدىئىي ئەسەرلەردۇر. «لاتقا» ئاشۇ خىل روھنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن فىلىم. ئەنئۇەر تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، «لاتقا» نىڭ ھەر بىر كۆرۈنۈشىنى دىققەت بىلەن كۆردى، ھەر بىر چۈشەندۈرۈش سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. نەزەرى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت روھىي ھالىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە كۆرۈپ يەتتى.

يېرىم كېچىدىن ئاشتى، ئەنئۇەر تېخىچە ئۈستەلدە ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ بىرنەرسە يېزىۋاتاتتى. قەلىمى ئاجايىپ راۋان ئىدى، پىكىرلىرى بۇلاقتەك ئېتىلىپ تۇراتتى، بىر يولىلا يېزىپ تۈگىتىدىغاندەك، قەلىمى زادىلا توختىمايتتى، ھەتتا ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايتتى. قەغەزگە چۈشۈۋاتقان سۆزلەر ئاللىبۇرۇن پىشقان سۆز-لەر بولۇپ، يۈرىكىدە ساقلىنىۋاتقىنىغا خېلى بولغانى-

دى، ئەمدى ھازىر ۋاقتى يېتىپ، قەغەز يىرتىگە بىر-
بىرلەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئاخىر يېزىپ بولۇپ، بىر-
دىنلا يېنىكلەپ قالدى. ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسى «(لاتقا)
نى كۆرۈپ ئويلىغانلىرىم» ئىدى. ئۇ ماقالىسىدا بىرىنـ
چى بولۇپ قايتا ئويلىنىش دېگەن بۇ سۆزنى ئويـ
غۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى،
بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر قەدىمىي مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ
شاكاللىرىنى كۆرسەتتى. ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالىدىغان
بېكىنمىچىلىكنى بىرىنچى بولۇپ تەنقىد قىلدى.

ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ تۇنجى كىتابخانىسى توختى
باقى بولدى. «توغرا، قايتا ئويلىنىش دېگەن بۇ سۆز
ناھايىتى ياخشى قويۇلغان. ئالدىمىزغا ئۇچرىغان ئىشـ
لار ئۈستىدىلا مۇلاھىزە ئېلىپ بارماي، ئۇنىڭدىن ھالقىپ
كېتىش كېرەك». دېدى ئۇ ئوغلىغا ئاپىرىن ئوقۇپ،
ئەنۋەر ماقالىسىنى خەنزۇچە يازغانىدى، توختى
باقى: «بۇ ماقالەڭنى ئۇيغۇرچىغا ئۆزۈم تەرجىمە قىلىپ
بېرەي، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچىسىغىمۇ چىقسۇن»
دېدى.

ئەنۋەر ئاپىسىغا قاراپ قويدى. توختى باقى
ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئۈچ قېتىم تۈرمىدە يېتىپ،
جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلاپ كەتـ
كەنىدى، قولىغا قەلەم ئالسىلا مېڭىسى ئاغرىپ
كېچىنچە ئۇخلىيالمايتتى. كېچىلىرى قوزغىلىپ قالىدىـ
غان بولسا، ئەھۋال بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولاتتى. شۇڭـ

لاشقا تاجىگۇل خۇددى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسىدەك،
ئېرىنى ئاسراپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى، تەر-
جىمە قىلىشقا كىملا بىرنەرسە ئېلىپ كەلسە، ھەممى-
سىنى قايتۇرۇۋېتەتتى. بۇ قېتىم ئۇ يول قويۇپ، ئې-
رىگە: «بوپتۇ، تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ» دېدى.

ماقالىنىڭ ئورىگىنالى گېزىتخانىغا ئاپىرىپ بېرىل-
دى، بۇنىڭ بىلەن گېزىتخانىدا يېڭى بىر مەسىلىگە
دۇچ كەلدى: بىر ئۇيغۇر قولىغا ئۇزۇن نەيزە ئالغان
رېتسارغا ئوخشاش، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت روھىي
ھالىتىنىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ نەيزە ئۇرماقچى بولۇ-
ۋاتاتتى، بۇ تارىختا بولۇپ باقمىغان ئەھۋال ئىدى.
تەھرىر قائىدە بويىچە ماقالىنىڭ ئورىگىنالىنى جۇرنىلغا
سۇندى، جۇرنىمۇ بۇنداق نازۇك مەسىلىگە تۇنجى رەت
ئۇچراۋاتقان بولغاچقا، ئورىگىنالىنى ئىككى قوللاپ
كۆتۈرۈپ باش تەھرىرنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ قويدى.

ماقالە ئاخىر «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «مەدە-
نىيەت ۋە جەمئىيەت» بېتىگە بېسىلدى. گېزىتنىڭ شۇ
كۈنلۈك سانىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتې-
تىنىڭ شۇجىلىرى بىلەن بۇجاڭلاردىن تارتىپ، ئى-
دارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى
كادىرلارغىچە تالىشىپ ئوقۇدى. گېزىتنىڭ بۇ سانى-
نىڭ قىممىتى يۈز ھەسسىلەپ ئېشىپ، ھەممە ئادەم
غۇلغۇلا قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى. يازنىڭ تىنجىق
تومۇز كۈنلىرىدە، كىشىلەر ھاۋا قاتتىق بىر گۈلدۈر-

لەپ، يەر يۈزىدىكى تىنجىق ھاۋانىڭ ئورنىغا چانغا
رەھەت سالقىن ھاۋانىڭ ئالمىشىشىنى بەكمۇ ئارزۇ
قىلىشىدۇ، بۈگۈن ھاۋا راستلا گۈلدۈرلىدى. گۈلدۈر-
لىگەندىمۇ، چەكلەنگەن رايون ئىچىدە گۈلدۈرلەپ،
ھەممە ئادەم خۇددى ئۈستى يېپىق ھارۋىدىن سەكرەپ
چۈشۈپ جەننەتتەك مۇقەددەس بىر ئورۇنغا كېلىپ
قالغاندەك چەكسىز راھەتكە چۆمۈلدى. بۇرۇن كىشىلەر
ئاغزىدا ماسكا باردەك بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرەتتى.
ئەمدى ئۇ ماسكا ئېلىۋېتىلىپ، چەكلەنگەن رايوننىڭ
ئىچكى پەردىسى ھەققىدە ئوچۇق سۆزلىشەلەيدىغان،
يېڭىچە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.
جەمئىيەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا ئەنۋەرنىڭ
ئىسمى زىكرى قىلىنىپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى
ئۇنى سىنئالغۇغا ئالدى، رادىئو ئىستانسىسى ئۇنىڭ
ئاۋازىنى ئۈنئالغۇغا ئالدى. مۇخبىرلار ئايىغى ئۈزۈل-
مەي ئۇنى زىيارەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق
قىلىپ، ئاددىي بىر ئادەم بىردەمدىلا چولپانغا ئاي-
لىنىپ قالدى. ھەممىلا يەردە كىشىلەر ئۇنى: ئەنۋەر
نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قانداقراق ئادەم؟ دەپ سۈرۈش-
تۈردى. ئەنۋەرنى ئوخشاشمىغان ئادەملەر ئوخشاشمى-
غان مەيداندا تۇرۇپ چۈشىنەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئادەم-
لەرنىڭ نەزەرىدىكى ئوبرازى ئوخشاش بولۇپ، ھەم-
مىلا ئادەم ئۇنى: ھەقىقىي دېۋ پالۋانى، دەپ بىلەت-
تى. ئۇ بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق

پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى بىلەن كۆرۈشتى.
بۇجاڭ ئۇنىڭغا:

— يېقىندىن بېرى مەن كىمنىلا كۆرسەم سىزنىڭ ماقالىڭىزنى تەشۋىق قىلىپ ئىسمى-جىسمىغا لايىق تەشۋىقات بۇجاڭى بولۇپ قالدىم، دېدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى چاقماق ئۇسۇلى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەندە، ئەنۋەر باھالىغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. باھالاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىر توپ ئادەم ئۇنى ئورىۋېلىپ: «بىز سىز بىلەن تونۇشقىنىمىزغا بەكمۇ خۇشال» دېيىشىپ كەتتى. ئاز كۈندىن كېيىن، ئەنۋەر تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈنۈپ، مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئالىغا راۋان خەنزۇ تىلى بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن بىلىمى، كېلىشكەن قامىتى نۇرغۇن تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى.

ئەنۋەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنكاسلارغا ھەممىدىن بەك قىزىقاتتى. تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى بېكىك چەمبەرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى تېشىۋەتتى، سالقىن باھار شامىلى شۇ تۆشۈكلەردىن كىرىپ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرەكلىرىنى ياشارتتى. كىشىلەر بېكىك چەمبەر ئىچىدىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆردى. تارىخ ئۆزىنىڭ مۇساپە سۈرئىتىنى ئىنسانلارنىڭ يېڭى ئىجادىيەت مېۋىلىرى

بىلەن خاتىرىلەپ ماڭىدۇ، ھەرگىزمۇ ئەيىبچى چىقىپ
كەتكەن چەمبەر ئىچىدىن چۈگىلەپ چىقالمايدىغان
ئادەملەرنى دەپ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ بەرمەيدۇ. پارا-
سەتلىك ئەزىمەتلەر چەمبەر سىرتىغا نەزەر تاشلاپ،
ئۆزىنىڭ باشقا مىللەتلەردىن جىق ئارقىدا قالغانلىقىد-
نى كۆرەلەيدۇ. بۇ خىل ئېغىر ئەھۋالنى سەزگەن
بىر ئەنسۇر ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار
پىكىرلىك ئادەملەردە خېلى بۇرۇنلا كىرىزىس تۇيغۇسى
ۋە جىددىيلىشىشلەر بولغان. ئەمما كاللەك بولۇۋالغان
بىر خىل كەيپىياتتىن قورقۇش تۈپەيلىدىن ھېچكىم
ئوتتۇرىغا چىقالمىغانىدى. بۈگۈن ئەنسۇر بىرىنچى
بولۇپ چۇقان سېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى يەتكەنلىكى
يەرلەردىكى چىرىگەن نەرسىلەر يېمىرىلىپ، يېڭىلىققا
ئىنتىلگۈچىلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئىلگىرى
بېكىك چەمبەر ئىچىدىكى مۇقەددەس دەپ ئا-
تالغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ كونىراپ ئەيىبىي چىق-
قان نەرسىلەر ئىكەنلىكى بىردىنلا بىلىنىپ قالدى،
قالقانلارنىڭ روللىمۇ تۈگىدى، ئەنسۇرنىڭ سادىسىغا
مۇتلەق كۆپ ئادەم قوشۇلۇپ كەتتى، ئۇلار ئۇنىڭغا
نەپرەت بىلەن ئەمەس، مۇھەببەت بىلەن قارىشاتتى.
ئۇلارنىڭ سادىسىغا ئوخشىمايدىغان بىرنەچچە سادامۇ
بار ئىدى، ئەمما بۇ سادالار تولىمۇ ئاجىز ئىدى.
ئەسلىدە ئادەملەر ئورۇنسىز ئەندىشە قىلىپ يۈر-
گەنىكەن، ئىشلار ئۇلار ئويلىغاندەكمۇ ئەمەس ئىكەن،

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ كۈچكە ۋە غەيرەتكە كېلىپ،
قوللىرىغا قەلەم ئالدى.

شىنجاڭ داشۆىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مەم-
تىمىن «مىللەتنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى قايتا ئويلى-
نىشقا موھتاج».

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم ۋە تەر-
جىمە شۇناس ئەزىز يۈسۈپ «مىللەت تەقدىرىگە كۆڭۈل
بۆلگەندە توغرا پوزىتسىيە بولۇشى لازىم» دېگەن
ماقالىلەرنى يازدى.

......

......

ئۇيغۇرلار قازاقلار بىلەن موڭغۇللارغىمۇ تەسىر
كۆرسەتتى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى
ياش قازاق ئالىم نەبىجان مۇھەممەتخان «ئادەم ۋە
ئەۋلىيا» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يازدى، ياش قازاق
ئايال يازغۇچى ئېركەش قۇربانبەك «كۆپكۆك دېڭىز
شامىلى يايلاقلىرىمىزنىمۇ كۆكەرتسۇن» نى يازدى.

موڭغۇل ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت يىغىنى-
دا، يازغۇچىلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت روھىي
ھالەتلىرىگە تەنقىدىي ئاساستا مۇئامىلە قىلدى.

«جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» دا ئۇيغۇر-
لارنىڭ قايتا ئويلىنىش ئېقىمىغا دائىر ئوچېرىكلار
بېسىلدى.

ماقالىلەر تېلېۋىزورغا تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى قايتا ئويلىنىش ئاساسىي تېما قىلىنغان مەخسۇس فىلىم — «قايىنام» نى سۈرەتكە ئالدى.

......

«بىز ئارقىدا قالدۇق»، «ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەردە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولساق ئالغا باسالمايمىز»، «بېكىنمىچىلىك ئۆلۈم دېمەكتۇر»، بۇ ئاڭلاشقا ئىنتايىن ئاددىي سۆزلەر، ئەمما شۇ سۆزلەر بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ هازىرقى هالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئىنتايىن مۈشكۈل، ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلغان ئادەم ناهايىتى كۈچلۈك ئازابلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن، پىشىپ يېتىلگەن بىر تارىخىي پەيت ۋە گىگانىت بىر باتۇر بولمىسا، ئۇ گەپلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىش قىيىن، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇ گەپلەرمۇ ئاخىر ئېغىزدىن چىقتى، كۆپچىلىك ھېسسىيات جەھەتتە كۈچلۈك ئازابلارغا دۇچ كەلگەن بولغاچقا، ئۇ گەپلەرنىڭ چىققانلىقىغا ھەيرانمۇ بولمىدى. قاتتىق غەزەپلىنىپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە ئۇ كۆز قاراشلارنى مۇلايىملىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بىر مىللەت بىرەر دانىشمەننىڭ ئويغىتىشىغا نەقەدەر مۇھتاج — ھە! ماركسنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى بار: «ھاقارەتكە ئۇچراش ئىنقىلابنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئەمما مەن ھاقارەتكە ئۇچراشنى بىر خىل ئىنقىلاب دەپ قارايمەن»، «ھاقارەتكە ئۇچ-

راش بىر خىل ئىچكى غەزەپ». ئارقىدا قالغانلىقىنى
تونۇش ئالغا ئىنتىلىشنىڭ باشلانمىشى. شىنجاڭ ئاسمى-
نىدا خەيرلىك بۇلۇتلىرى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.

تاغنى تالقان قىلىۋېتەلەيمەن دەپ ماختىنىدىغان
بەزى باتۇرلار ھەرقانچە كۈچىسىمۇ تارىخنى بىر قېرىچ-
مۇ ئالدىغا سىلجىتالمايدۇ، ئەمما نامى چىقمىغان
بەزى ئاددىي ئادەملەر بولسا تارىخ چاقىنى ناھايىتى
ئاسانلا ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيدۇ. ئەنۋەرنىڭ ماقالىسى
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىنى قايتا
ئويلىنىش ئېقىمىنىڭ بېشى بولدى ۋە بۇ ئېقىم بارغان-
سېرى ئۇلغايدى. بۇ، ئۇلغىيىۋاتقان ئېقىم دەپ ئاتىلى-
دىغان تاشقىن ئىدى. بۇ تاشقىن گۈرۈلدەيتتى،
شىددەت بىلەن ئاقاتتى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ-
پۇشقاقلىرىغا قويماي ئېقىپ باردى، بېكىنمە چەمبەرنى
ئۆزگە قالقان قىلىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان كونا نۇقتىئى-
نەزەرلەر ئۇ ئېقىمنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىنىڭ زەربىسى
بىلەن پاچاقلىنىپ، ئۇششاق دولقۇن كۆپۈكچىلىرىگە
ئايلىنىپ، قۇياش نۇرى تەككەن ھامان كۆزدىن
غايىب بولدى. بۇ ئېقىم دولقۇنلىرى دەۋرنىڭ يېڭى
ئۇچۇرلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ،
خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغاتتى.

توختى باقى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئايالىم
ئىككىمىز جاھان غەۋغالىرىغا ئارىلاشماي، ئاخىرقى
ئۆمرىمىزنى غەم-ئەندىشىسىز خاتىرجەم ئۆتكۈزىمىز

دەپ تويلىغانىدى. كىم بىلسۇن، ئاتمىش ئالتە
ياشقا كەلگەندە ئوغلى ئۇنى يەنە تولدىن باشلاپ
قەدەم تاشلاشقا مەجبۇر قىلىپ، ياشلىقىدىكى جۇشقۇن
ۋە ئوتتەك قىزغىن ھاياتقا قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ نەگىلا بارسا سۆزلىدى، چۈشەندۈردى، بەزىدە
ئالىملىق سۈپىتىدە تۇرۇپ باشقىلار بىلەن مۇنازىرى-
لەشتى، ئۆز مىللىتى ئىچىدە پەيدا بولغان قايتا
ئويلىنىش ئېقىمىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى.
خۇشاللىق، ھاياجان ۋە زىيادە چارچاش بىلەن كونا
كېسەلى يەنە قوزغىلىپ قېلىپ، ئاخىر دوختۇرخانىدا
يېتىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ بالنىتسىنىڭ پائالىيەت
ئۆيىدە باشقا كېسەللەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.
سېستىرا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئەپ كىرىپ
بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى مەتتىمىن گېزىتتىكى بىر ماقالىنى كۆرۈپ،
ئۆزىچىلا ماختاپ كەتتى. توختى باقى گېزىتكە
كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇ ماختىغان ماقالىنىڭ ئوغلى يازغان
ماقالە ئىكەنلىكىنى كۆردى - دە، كۆڭلى بۆلەكچىلا
يايراپ كەتتى. بۇ ئۆيدە باشقىلارمۇ بار بولۇپ، ھەم-
مىسىلا ئۇيغۇر ئىدى. ئۇلار ماقالىنى قولدىن قولغا
ئېلىپ ئوقۇپ چىقىشتى. توختى باقى بۇ ماقالىنى ئوغلى
يازغانلىقىنى ئېيتىشنى خالىمىدى. بۇنىڭدا ئۇ ناھايىتى
ئەمەلىي باھالارنى ئاڭلىيالايتتى، مەتتىمىن چوڭقۇر
مەنە بىلەن: «ئۆز مىللىتىنى چۈشەنمەك ئاسان ئەمەس

ئىكەن» دېدى.

بىزگە نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلالايدىغان مۇشۇنداق ماقالىلەر كېرەك. توختى باقى بۇ يەردىكىلەرنىڭ باھاسىدىن ئوغلىنىڭ ماقالىسىنىڭ سالمىقىنى بىلدى.

ئەنۋەر دادىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ دادىسىغا ئېلىپ كەلگىنى مېۋە - چېۋە، قەن - گېزەك ئەمەس، بەلكى يېقىندا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىپ يازغان ماقالىسى ئىدى. قويۇق قارا قاشلىرى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. زىناقلىرىدىكى پارلاپ تۇرغان تەبەسسۇمدىن ئۆزىگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ يېغىپ تۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى كۆكلەر كېچىچە ئۇخلىماي چىققانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل، — دېدى دادىسى بىرىنچى بولۇپ گەپ ئېچىپ.

— دادا، مەندە ھېچ گەپ يوق، سەن ئوبدان يېتىپ داۋالانغىن. مەن قىسقىغا بىر ماقالە يازدىم، كۆرۈپ باقساڭ.

توختى باقى ئۇنىڭ ماقالىسىنى بىر دەمدىلا ئوقۇپ چىقىپ:

— بۇ ئابزاس بەكمۇ كەسكىن يېزىلىپتۇ، باشقىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدىغاندەك قىلامدۇ، — دېدى.

— كېرەك يوق، مىللىتىمىزنى ئويغىتىش ئۈچۈن قىيما-چىيما بوپكەتسەمۇ مەيلى.

يەنە بىر كارىۋاتتا ياتقان مەمتىمىن توختى باقىردى:

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئوغلۇم، ھېلىقى ماقالىنىڭ ئاپتورى.

— بالىڭىز سىزنى دوراپتۇ، — دېدى مەمتىمىن ئەنۋەرگە ھەۋەسى كېلىپ.

— بىز بەزى ئىشلاردا تولىمۇ چولتا ئويلاپتۇق، — دېدى ئەنۋەر

— شۇنداق. ھەر بىر مىللەت ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ بۇ ئارزۇسىنى بىز دائىم تۆۋەن مۆلچەرلەپ قالىمىز. بىراق بەك ئۈمىدۋار بوپكېتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا قاراش كېرەك، ئوڭۇشسىزلىقلار يەنە بار.

— قانداقلا ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بەرسۇن، بۇ ئېقىمنى ھېچقانداق ئادەم توسۇپ قالالمايدۇ.

— ئېھتىمال، ئەتە سەن يېتىم قېلىشىڭ مۇمكىن.

— دادا، ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. سەنمۇ قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ بىر نەرسە يازساڭچۇ.

— بولىدۇ، يازاي، ماۋزۇسىنىمۇ ئويلاپ قويدۇم، «بىزگە لۇشۈن روھى كېرەك» دېگەن ماۋزۇدا يازاي.

(خەنزۇچە «تىيانشان» ژۇرنىلىنىڭ
1989 - يىل 1 - سانىدىن)






(ئەدەبىي ئاخبارات)

ھەبىبۇللا مۇھەممەت،
جېلىل ئابدۇراخمان

ئىلىم يولىدا ئەلەم
چەككەن ئادەم،
ئەلەم ئەمەس، بەختكە
قويىدۇ قەدەم.
— كامالىدىن بىنايى

1

ھاياتىدا ھەشەمەت-
لىك توي، داغلىق ئەرباپلار-
نى قارشى ئېلىش يىغىنى،
كاتتا ئەمەلدارنىڭ دەپنە

مۇراسىمى دېگەندەك دەبدەبىلىك نۇرغۇن سورۇنلارغا داخىل بولۇشقا كۆپ قېتىم توغرا كەلگەنىدى. بۇنداق سورۇنلار ئادەتتە قاتناشقان ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، كەيپىياتىنىڭ جىددىيلىكى، ھەشەمەت داغدۇغىسىنىڭ تولىمۇ يۈكسەكلىكى بىلەن كىشىنى ئىختىيارسىز ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، «پاھ، بۇ كىمنىڭ شەنىگە ئاتالغان ئىشتۇر؟» دېگەن سوئالنى قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق تەنتەنىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىشىپ، ئۆزلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاشۇ تەنتەنە سادالىرىغا مەستخۇش بولۇشىدۇ. راستىمۇ، يالغانمۇ بىلمىدىم، قايسىبىر مەشھۇر ئەرباب مەلۇم جايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى بارغاندا، بەزىلەر كاتتا تەنتەنە پەيدا قىلىپ، ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن نەچچە مىڭ دېھقاننى ئىشتىن توختىتىپ ئېلىپ كېلىپ يولنىڭ چېتىگە تۇرغۇزغاننى ئاز دەپ، يەنە دەرەختىن كېسىۋېلىنغان شاخلارنى نەچچە كىلومېتىر يولنىڭ ئىككى چېتىگە سانجىتقۇزغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تەبىئەتنىڭ بۇ نەيرەڭۋازلىققا ئاچچىقى كەلدىمۇ، تۇساتتىن بوران چىقىپ، سانجىپ قويغان شاخلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ، بۇ ساختىپەزلەر ئارماندا قالغان. ئىشقىلىپ بۇنداق ئىشلاردا كۆزلەنگىنى پەقەت بىرلا مەقسەت — شان - شۆھرەتتۇر. بۇنىڭغا بەزىلەر ھوقۇق - مەرتىۋىسى بىلەن ئېرىشسە، بەزىلەر ئىككى يۈزلىمىلىك، خوشامەتچىلىك ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدۇ.

مەيلى داھى بولسۇن، قەھرىمان ياكى باشقا كىشى بولسۇن، ئۇنىڭغا شان - شەرەپنى خەلق بېرىدۇ. خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئىز قالغۇدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئادەملا بۇنداق بەختكە سازاۋەر بولالايدۇ. ئۇنىڭ سىماسى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشنايدۇ. مانا بۇنى ھەقىقىي شان - شەرەپ دەپ ئېيتسا بولىدۇ.

1985 - يىلى ياز، مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» باش مۇھەررىر ئىشخانىسىدا جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. ئادەتتە بۇ يىغىن شۇ كۈنى دەتىۋئاتتا ئېلان قىلىنىدىغان خەۋەر - ماقالىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئون مىنۇتتىلا ئاخىرلىشاتتى. بۈگۈن باشقىچە پەۋقۇلئاددە بىر مەسىلە كۆپچىلىكنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتاتتى. ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى تۇيۇقسىز كەلگەن ئون نەچچە پارچە مەرسىيە ۋە تەزىيە نامىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مۇزاكىرىگە قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا كىشى — ئاددىي خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا بېغىشلانغانىدى.

ئاددىي ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن مەخسۇس بەت ئاجرىتىپ مەرسىيە ئېلان قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟

بۇ كەسكىن مەسىلە ئىدى!

لېكىن كۆپچىلىك تېزلا بىر پىكىرگە كەلدى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يىغىننىڭ قارارىنى ئېلان قىلدى:

«گېزىتتە مۇسىبەت خەۋىرى بېرىلىدۇ. مەر-

شىدىلەر ئۈچۈن مەخسۇس بەت ئاچرىتىلىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن قايغۇلۇق ئۆلۈم خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن مەملىكەتكە، تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي-شىمالىغا تارقىلىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە يۈچتا ئىدارىسىنىڭ تېلېگراممىسى تارقىتىش بۆلۈمى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلار گەرچە قايسىبىر چوڭ مەشھۇر زاتنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن بېيجىڭ، شاڭخەي، قەشقەر، خوتەن، غۇلجا، كورلا ... لاردىن توختىماي كېلىۋاتقان تەزىيە تېلېگراممىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ تېلېگراممىلاردا بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرگەنىدى. ئۇلار ھەيران قالدى.

بۇ زادى قانداق كىشىدۇ؟...

1985 - يىل 1 - ئىيۇل، ئوتتەك قىزدۇرغان قۇياش باشنى قايدۇراتتى. كۈن ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولغاچقا، يولدا كېتىۋاتقان ئادەم بىر دەمدىلا چىلىق - چىلىق تەرلەپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۈرۈمچىنىڭ نەنلياڭ شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدىن سەندۇقبېغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقى سانجاق - سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

يىراقتىن نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ بارماقلىرى بىلەنلا باشتىن ئاشۇرۇپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئېلىپ كېلىنىۋاتقان تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قىزىل يوپۇق، چىققى چۈش ئاپتىپىدا چوغدەك تاۋ-

لىنىپ، گويا مەشئەلدەك كۆيۈنەتتى، مەنمۇ سەلدەك ئاققان كىشىلەر توپى ئىچىدە كېتىپ بارىمەن. كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلمەكتە. مەن كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، دىلىمدا ئېلىم مەشئىلىنى ياندۇرۇشتا يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان ئۇستازىمغا بولغان ئەقىدەمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن تاۋۇتقا قول سۇندۇم...

ئاھ، بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى؟شۇنداق پىژغىرىم ئاپتاپلىق ئىسسىققا نېمىشقىدۇر توڭلاپ كېتىۋاتىمەن، پۈتۈن ئەزايىم تىترىمەكتە. يېنىمدا كېتىپ بارغان چاچلىرىغا ئاق سانجىغان بىر سالاپەتلىك كىشى:

— ئىسىت، ئېلىم يولىدا تىنىمسىز سوققان بىر يۈرەك ئۇرۇشتىن ۋاقىتسىز توختىدى-دە! — دەپ نالە قىلىۋاتاتتى. تۇرقىدىن باشقا جايدىن خىزمەت بىلەن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر زىيالىي سۈپەت ئادەم يېنىدىكىلەردىن:

— بۇ قايسى زاتنىڭ مۇسىبەت مەرىكىسى؟— دەپ سورىدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق ئۇلۇغ ئۇزىتىش داغدۇغىسى ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغان بولسا كېرەك.

— بالام، تاۋۇتتا كېتىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئىنسان گۆدەكلەر قەلبىگە ئۆچمەس ئىز سالغۇچى — مۇئەللىم! — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى مويسىپىت.

ئادەتتە مېيىت نامىزى مەسچىتنىڭ قورۇسى

ئىچىدە چۈشۈرۈلەتتى. بۈگۈن بولسا مەسچىتنىڭ ئىچى – تېشى، ئەتراپى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى كو-چىلارنىڭ ھەممىسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. پار-تىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى، نازىرلار، ئاتاقلىق زات-لار، مەشھۇر ئەربابلار، ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ... ئومۇمەن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان بىرقانچە مىڭ كىشى مەسچىت ئەتراپىغا توپلانغانى-دى. ئۇلار نامازدىن كېيىن تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، يۈزلەن كوچا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك نامايىش قوشۇنىغا لىق تولدى. ئىختىيارسىز قاتناش توختىدى. نەچچە ئونلىغان شوپۇرلار چوڭ – كىچىك ئاپتوموبىل-لىرىنى ھەيدەپ كېلىشكەنىدى.

– ۋاھ، مەرھۇم مۇئەللىم ئاجايىپ نامدار ئاپتى، – دېدى ئاپئاق ساقاللىق كۆكسىگە چۈشكەن بىر داموللا قايغۇرغان ھالدا، – مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق ئۇلۇغ مەرىكىنى كۆرۈپ باقمىغان، رەھمەتلىك ئۆمرىدە قىلغان ساۋابلىرى ئۈچۈن ئۇدۇل بېھىشكە كىرگۈسى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 – باشلانغۇچ مەكتەپ شىنجاڭ داشۆىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئولانبايغا ماڭىدىغان يول بويىغا جايلاشقان. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى-گە (دەرس باشلاشقا) ئون بەش مىنۇت قالغاندا يې-گىرمىگە يېقىن ئوقۇتقۇچى ئۆز مۇئەللىمىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈشۈپ كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى.

– مۇئەللىمىنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ كېلى-

ۋاتىدۇ! — دەپ توۋلىدى بىرسى ئۆزىنى سىرتقا ئېتىپ.

— ئاھ مۇئەللىم، قەدىرلىك ئۇستازىمىز! — ئوقۇتقۇچىلار ئىختىيارسىز دەڭگىرەپ يىغلاپ سىرتقا قاراپ ئېتىلدى. سىنىپلاردا، زالدا، مەيداندا يۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇلار دەسلەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ سىرتقا چىققان بولسا، ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بىر كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار - قاتار تۇرۇشۇپ سەبىيلەرچە يىغلاشقا باشلىدى. ئۆز مۇئەللىمى يىغلاۋاتسا، ئوقۇغۇچىلىرى قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن!

تاۋۇتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇسىبەت قوشۇنى يول بويىدىكى بۇ سەبىي بالىلارنىڭ ھازىسىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ، ئىختىيارسىز يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

پۈتۈن كىشىلەرنىڭ قەلبى قايغۇغا، كۆزى ياشقا تولدى. تۇپراق بېشىدا تېگىشلىك قائىدە - يوسۇنلار بىجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇستازىمىزنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش مەرىكىسى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئاتىغان مەرسىيىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەن بۇ يەردە پەقەت بۇ مەرسىيىلەرنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ستاتا كەلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن.

پېشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مۇنداق

يازغانىدى:

شۇڭقار قولدىن ئۇچقاندەك،
يۇلتۇز كۆچۈپ ئۆچكەندەك.
كەتتى ئارىمىزدىن قەلبى ئويغاق بىر ئىنسان،
ئۇنىڭ ئېتى مۇئەللىم (نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئۇنۋان!)

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

تاۋۇتنى باش ئۈستىدە كۆتۈرۈپ ماڭغاندا،
نېمە دېدى بىلمەيمەن ئەل ـ جامائەت شۇ چاغدا.
ھۆرمەتلەنگەن بۇ يۇرتتا كىمنىڭ تاۋۇتى مۇنداق،
قايسى ھاكىم، قايسى بەگ، قايسى مەنسەپدار شۇنداق.

ئۆلۈمى ئۈرۈمچىدىكى شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ياشلاپ قەلبىنى لەرزىگە سالغان بۇ كىمدۇ؟...

بۇ باشقا بىرسى ئەمەس، بەلكى بىر ئاددىي خەلق ئوقۇتقۇچىسى — ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئۆمرىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيە قىلىشقا سەرپ قىلغان ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىم ئىدى.

2

ئابلىمىت سىدىق 1937 - يىلى قەشقەردىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ

ئاتىسى مۇھەممەت سىدىق ئاخۇنجان بىلىملىك،
ئالغار پىكىردىكى كىشى بولغاچقا، ئەينى چاغدا
شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شاڭ شىسەي
ئۇنىڭغا زەھەرلىك قولىنى سالىدۇ. ئابلىمىت سىدىق
تۇغۇلۇپ ئەمدىلا قىرىق كۈنلۈك بولغاندا دادىسىدىن
يېتىم قالىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئاتا مېھرىدىن
مەڭگۈ جۇدا بولىدۇ.

تاغدەك يۆلەنچۈكى بولغان ئاتىسى جاللات شاڭ
شىسەينىڭ تۈرمىسىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار-
نىڭ ئائىلىسى تۇرمۇشتا قاتتىق قىينىلىدۇ. ئابلىمىت
سىدىقنىڭ ئاپىسى رابىيخان ئاچا تولىمۇ جىگەرلىك،
قەيسەر ئايال بولغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچ-
قانداق يۆلەنچۈكى بولمىسىمۇ، ئۈچ نارىسىدە بالى-
سىنى دوپپا تىكىپ سېتىپ باقىدۇ. رابىيخان ئاچا
زىيالىي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، خېلى ئوبدان
ساۋاتى بار ئىدى. شۇڭا ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى
چۈشىنەتتى. سىدىق ئاخۇنجان ئاكىمۇ بالىلىرىنى
ياخشى ئوقۇتۇپ، يارامىلىق ئادەم قىلىشنى ئارزۇ
قىلاتتى. ئابلىمىت سىدىق مەكتەپ يېشىغا يېتىش
بىلەن رابىيخان ئاچا ئۇنى قەشقەر نوبېشى مەكتەپكە
ئوقۇشقا بېرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا:

— رابىخان، ئەھۋالىڭلار شۇنچە نامرات
تۇرۇقلۇق بالىڭىزنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئۇ-
نىڭدىن كۆرە بىرەر ھۈنەرۋەنگە شاگىرت بەرسىڭىز،
ئۆيۈڭلارغا ياردىمى بولامدۇ، بالىمۇ ھۈنەر ئۆگىنى-

ۋاقىتدۇ.— دېگەندە ئۇ قەتئىيلىك بىلەن:

بۇ گەپنى بىر ئېغىزغا ئالدىلا، ئەمدى ئىككىنچى قىلمىسىلا، چېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، بالىنى ھەرگىز ئوقۇشسىز قالدۇرمايمەن، رەھمەتلىك دادىسىنىڭمۇ ئارزۇسى شۇ ئىدى،— دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن رابىيخان ئاچا يىڭنىنى كېچىسى-كۈندۈز قولىدىن چۈشۈرمەي دوپپا تىكىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ. تۇرمۇشنى قىسىپ-تېجەپ يۈرۈپ ئابلىمىتنى ئوقۇتىدۇ.

نامراتلىق گۆدەك ئابلىمىتنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىدۇ. ئۇ ئەزەلدىنلا ئويچان، ئەقىللىق بالا بولغاچقا، ئاپىسىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ ۋە تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. رابىيخان ئاچا ئۆز ھاياتى مۇساپىسىدىكى قايغۇ-ئەلەم ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى چىدام-غەيرەت بىلەن يەڭگەن ئاجايىپ بىر مەزلۇم ئىدى. ئۇ خېلىلا ساۋاتلىق بولغاچقا، ئىشتىن قولى سەل بوشىغان چاغلاردا بالىلىرىغا «گۈلىستان»، «بوستان» دىن پارچىلار ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ گۆدەك ئابلىمىتنىڭ ئېڭىغا مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ.

بىر چاغلاردا ئاپىسى «گۈلىستان» دىن ئوقۇپ بەرگەن «گۆدەك چاغ، تەربىيە كۆرمىسە ھەركىمنىڭ، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭدىن قاچىدۇ ئادەت. كۆك چىۋىقنى ئەگمەك تولىمۇ ئوڭاي، قۇرۇسا رۇسلانماس، ئوت كېرەك پەقەت» دېگەن مىسرالار ئۇنىڭ كۆڭلىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىدۇ.

1949 - يىلى گۈزدەك ئابلىمىتمۇ ئازادلىق تېڭىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتىدا يېڭى بۇرۇلۇش ياسىلىدۇ. ئۇ 1950 - يىلى سابىق ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ، گويا چۆلدە ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەن كىشى سۇغا ئېرىشكەندەك، ئىلىم - مەرىپەت دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ھەۋەس بىلەن ئوقۇشقا باشلايدۇ.

شۇ چاغلاردا مۇقىم يۆلەنچۈك بولىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا نامرات ئىدى. بۇنى ئوبدان چۈشەنگەن ئابلىمىت ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ھەر قېتىملىق تەتىل مەزگىلىدە كۈنلۈك ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا كېتىدىغان خىراجىتىنى ھەل قىلاتتى.

ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ئابلىمىت سىدىقنىڭ ئاپىسىنى ئەسلىگەندە «مېنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچۇم ئاپام ئىدى، ئۇ مېنىڭ ئېڭىمدا مەرىپەت مەشئىلىنى دەسلەپ ياندۇرغان ئادەم بولىدۇ» دەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

كۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتىدۇ. گۈزدەك ئابلىمىتمۇ ئاستا - ئاستا چوڭ بولدى. ئۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆزىگە ئەمەلىي كەسىپ قىلىپ تاللاپ، مۇئەللىمدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ بىزگە دەرسكە كىرگەن چاغلاردا:

— ئوقۇتقۇچى — ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قىياپەت، يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرى بىلەنمۇ بىلىم بېرىدۇ، — دېگەنىدى، بۇ ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ. ئۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۆزىنى تۇتۇشى، ئورۇنلۇق گەپ - سۆزلىرى، كەمتەرلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

ئىنسان بالىسى، بولۇپمۇ ئۇ بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدە ئۇنىڭ كاللىسى ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارغا تولىمۇ باي بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىستەكلىرى خۇددى تاڭ سەھەر سۈبھىدە گۈل - گىيالارنىڭ ياپراقلىرىدا زۇمرەتتەك يالتىراپ تۇرغان شەبنەم تامچىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئابلىمىت ئۆزىدىكى ئاشۇنداق ئارزۇنى تولىمۇ يۈكسەك، يېتىش بەكمۇ تەس دەپ ئويلايتتى. شۇڭا بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزىدە بار بولغان ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە باشلايدۇ.

3

1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار كىنو - تىياتىرخانىسىنىڭ يىغىن زالى مۇنبەت كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. مۇنبەرگە ئابلىمىت سىدىقنىڭ قارا رامكىغا ئېلىنغان

چوڭقايتىلغان رەسمى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەترا-
پى تەرەپ - تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن گۈلچەمبىرەك،
لەۋھە، تەزىيەنامە، مەرسىيەلەر بىلەن تولغان. يىغىن
زالىدا ماتەمدە ئولتۇرغان ئادەملەر ئېغىر سۈكۈتكە
چۆككەن، سەھنىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى يۈنۈس ھېكىم كۆزلىرىدىن ياش
تۆككەن ھالدا تەزىيە نۇتقى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ... مەرھۇم ئابلىمىت سىدىق پىشقان مائارىپ-
شۇناس، ماھارەتلىك باغۋەن ئىدى. ئۇ، دول بىلىم
ئىگىلىگەندىلا ۋەتەن ۋە خەلققە كۆپرەك پايدىلىق
ئىش قىلىپ بېرىشكە ئىمكانىيەت ھازىرلىنىدىغانلىقى-
نى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە خىزمەتتە يۈكنىڭ ئېغىرىنى
كۆتۈردى. ئۇ يۈكسەك ئاڭ، ياخشى ئەخلاق - پەزى-
لەت، پىرىنسىپال خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولۇپ،
يولداشلارغا نىسبەتەن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىكى،
مۇئامىلىدە باراۋەرلىكى، ئاممىا بىلەن مەسلىھەتلى-
شىپ ئىش قىلىشتەك خىسلىتى، چىقىشقاق ۋە خۇش
چاقچاقلىقى، راھەت - پاراغەت ئالدىدا باشقىلارنى
ئويلاشتەك ئېسىل پەزىلىتى بىلەن ھەممىنىڭ ئالا-
ھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ يىگىرمە تۆت
يىلدىن بۇيان ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ئايى-
رىلماي، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن مىڭلىغان
ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە مەرىپەت مەشئىلىنى
ياندۇرۇپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆھپىلەرنى
قالدۇرۇپ كەتتى...

توغرا، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ياراتقان تۆھپىسىنى خۇددى شۇجى يۈنۇس ھېكىم دېگەندەك تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆھپە دەپ ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ھەقتە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دېگەنىدى: «كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر، چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.» بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ئابلىمىت سىدىقنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھازىر جەمئىيەتتە ئويناۋاتقان رولىنى كۆزىتىدىغانلا بولساق، بۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب تاپالايمىز، ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردا، تۈرلۈك ساھەلەردە تايانچ رول ئويناۋاتقان كادىرلارنىڭ ئىچىدە ئابلىمىت سىدىقنىڭ قولىدا بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ئوقۇمىغانلار يوق دېيەرلىك دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۇ ھەقتە ئابلىمىت سىدىقنىڭ ھەدىسى زەينەپ سىدىق بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن 1984-يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ تۇرپان، تۇقسۇن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىغا باردىم، — دەپ سۆز باشلىدى زەينەپ سىدىق غەمكىن ھالدا، — ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، مەن

بولسام خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى. شۇڭا ھەر ھالدا مېنى كۆپىنچە ئادەم تونۇيدۇ ياكى سىرتىمدىن بىلىدۇ، دەپ ئۆزۈمگە تەمەننا قويۇپ يۈرەتتىم. بىراق بۇ قېتىم چەتكە چىقىشىم بىلەن مېنىڭ بۇ ئەخمىقانە ئويلىرىم بىتچىت بولدى. نېمە بولدى دېمەمسىلەر، بۇ قېتىم بارغانلا يېرىمدە كىشىلەر مېنى تولىمۇ ئەزىزلەپ، ھۆرمىتىمنى قىلىشتى. مېنى يوقلاپ ئەھۋال سورىغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ھاكىملار مۇتەخەسسىسلەر، سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار بار ئىدى. ئۇلار-نىڭ ھەممىسى بىردەك «ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىم-نىڭ ھەدىسى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، سىزنى يوقلاپ كەلدۇق. بىزنىڭ مۇشۇنچىلىك خىزمەت قىلىپ، جەمئىيەتكە ھەسسە قوشالىشىمىزدا ئابلىمىت مۇئەللىم-نىڭ نۇرغۇن ھەسسىسى بار، بىز ھەر قانچە قىلساقمۇ ئۇنىڭ بىزگە بىلىم بېرىشتە سىڭدۈرگەن ئەجىرىنى قايتۇرۇپ كېتەلمەيمىز» دېيىشتى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دائىم ئۆزى ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈ-ۋېتىدىغان ئىنىمنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە شۇنچىۋالا ئابرويى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ باشتىكى ئوي-لىرىمدىن خىجىل بولدۇم. شۇنداقلا مۇشۇنداق بىر ئىنىمنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلەندىم. ئابلىمىت سىدىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت

ئەزاسى قېيۇم باۋۇدۇنمۇ ئۆزىنىڭ مەرھۇم ئۇستازىغا «يولداش ئابلىمىت شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئادەم، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش تولىمۇ قىيىن» دەپ تولىمۇ توغرا باھا بەرگەنىدى.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيادىن قارىغاندا، شەخسنىڭ كونترول قىلالايدىغىنى ھەقىقەتەنمۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىدۇر. ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلغۇچىلار ھېچقاچان ئۇستازى (مۇئەللىم) نىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە كۆز يۇمغان ئەمەس.

## 4

ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ساپ نىيەتنەمىز بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھالال مېھنەتلىرى بىلەن جەمئىيەت ماشىنىسىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا ئىنچىكە ھەسسە قوشۇۋاتقان تالاي ئىنسانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار گەرچە ئالەمشۇمۇل نام چىقارغان قەھرىمانلاردەك پەۋقۇلئاددە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا نۇرغۇن يىللار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۈن-تىنسىز ئىشلەپ، بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتا قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قەلبى خۇددي سەبىي بوۋاقلارنىڭكىدەك غۇبارسىز بولۇپ،

قىلغان ئىشلىرىنى ئەزەلدىن مىننەت قىلغان ئەمەس. چەبرى-جاپا چەككەن چاغلىرىدا پارتىيىدىن ئاغرىنغان ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى، مەقسىتىدىن ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن ۋاز كەچمەيلا قالماستىن، پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسىدىن قىلچە تەۋرەنمەي، ئىزچىل خەلقنىڭ يۆۋاش كالىسى بولدى. ئابلىمىت سىدىقنى خۇددى ئاشۇنداق خىسلەتلىك كىشى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدە كوممۇنىستلارغا خاس پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. 1956 - يىلى جوڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان بەزى يېقىنلىرى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ھالدا:

— ئابلىمىت، بىزنىڭ مەھكىمىگە ئالمىشىپ كەتمەمسەن؟ — دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابلىمىت سىدىق مائارىپ ساھەسىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ-دە، دەرھال بۇ يېقىن ئادىمىگە كەسكىنلىك بىلەن:

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت. مەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت خىزمەتنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىۋالغانمەن، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئابلىمىت

سىدىق دېگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتىدۇ. شۇنىڭدىن
تارتىپ ئۇ زېھنىي كۈچىنى ئۆزىنى كەسپىي جەھەتتە
مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قارىتىدۇ - دە، مىللىي مائارىپنى
گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۇنتۇلماس ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇتقا
چىقىرىدۇ.

شۇ ئارىدا بىر قانچە يىل ئۆتىدۇ. ئابلىمىت
سىدىقوۋ كەسپتە ۋە سىياسىي جەھەتلەردە بارغانسېرى
پىشىپ يېتىلىپ بارىدۇ. مەسىلىلەرگە يولۇققاندا
سالماق بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنى دەھ-
شەتلىك پاجىئەنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئەسلا
ئويلىمىغانىدى. 1966 - يىلى مەملىكەت مىقياسىدا
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىدۇ. ھەرىكەتنىڭ
كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلار باشقىچە تۈس ئېلىشقا
باشلايدۇ. يەنى قەيەردىندۇر چىققان تەتۈر قۇيۇنلار
بىردىنلا ئالەمنى مالەم قىلىپ، جاھان ئاستىن-
ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. بۇ تەتۈر قۇيۇنلار ئاخىرى
بېرىپ جەمئىيەت ئاتموسفېراسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ
تاشلايدىغان شىددەتلىك بوران-چاپقۇنغا ئايلاندى.
ھاياتلىقنىڭ ئېتىبارلىرى بولغان، بويلىرى پەلەككە
تاقاشقان سۆۋادان تېرەكلەر سۇنىدى، يىلتىزىدىن
قومۇرۇلدى. شۇ چاغدا ئابلىمىت سىدىق پەقەت چەت
ئەلدە تۇغقىنى بولغىنى ئۈچۈنلا، ھېچ گەپتىن ھېچ
گەپ يوق «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» قىلىپ
قويۇلۇپ، رېجىم ئاستىغا ئېلىنىدۇ. چوڭ يىغىنلاردا

يىپەن قىلىنىدۇ. ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، مەكتەپتى-
كى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇ-
يى بولغان ئابلىمىت سىدىق ئۈستىدىن پىكىر
بېرىدىغان ئادەم چىقمايلا قالىدۇ. رېجىم ئاستىغا
ئېلىنغاندا، ئاخشاملىرى ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئەھۋال
سوراپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.
مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئابلىمىت سىدىق
گەرچە ئۆزى ئازار يەپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەش
ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مائا-
رىپنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن، مەكتەپلەرنىڭ
ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا
قاتتىق ئېچىنىدۇ. ئۇ بۇنداق نورمالسىزلىقلارنىڭ
كېيىن چوقۇم ئوڭشىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ.
شۇنداقلا ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا قىلچىمۇ تەۋرەنمەس-
تىن ئىشلەيدۇ. ئۇ، بۇ مەزگىللەردە «ئۇيغۇر تىلى
گىراماتىكىسى دەرسلىكى»، «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-
ئەدەبىيات دەرسلىكى (بىر تۇتاش دەرسلىك)» نىڭ
سەككىزگە يېقىن تېكىستىنى تۈزۈش، تەرجىمە-تەھرىر-
لىكىنى ئىشلىدى. تىل تەتقىقاتى جەھەتتىكى بەزى
مەسىلىلەر ئۈستىدە يازغان بىر مۇنچە ماقالىلىرى
مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، ئىنتايىن ياخشى ئىج-
تىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى بەزى
قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىي ھەجمى
ئاتمىش مىڭ خەتلىك بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى

يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى كېيىنكى مەز-
گىللەردە مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ، ئوقۇتۇشنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈشلەردە ئاجايىپ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ غەۋغالىق دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئىش
«سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ»، «ساپ ئالتۇن ئەخلەت-
چاۋا ئارىسىدىمۇ چاقناۋېرىدۇ» دېگەن ئۇيغۇر خەلق
ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەنتىقىدىن مۇستەسنا
بولغان ئەمەس. ئادەتتە گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغ-
قان كېچىدە «يالت» قىلىپ يانغان شولىسى شۇنداق
ھەيۋەتلىك ۋە سىرلىق چاقماق پۈتۈن كائىناتنى
«ۋاللىتە» قىلىپ يورۇتۇپ تاشلىسىمۇ، ئەمما دەرھال
ئۆچىدۇ. ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولى پەقەت بىردەملا
بولىدۇ. ئەكسىچە غۇۋا يورۇق چۈشۈرۈپ، پىلىلداپ
يېنىپ تۇرغان شام يورۇتىچۇ؟ بۇنىسى باشقا گەپ.
شام ئۆزىنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتىۋەتكەن.
ئۇ تاكى بىر تامچە قالغىچە يېنىپ، ئىنسانلارغا
ھايات بەخش يورۇقلۇق بېرىدۇ. ئابلىمىت سىدىقمۇ
ئۆزىدە ئەنە شۇ شامدىكىدەك روھنى يېتىلدۈرگەن
ئالاھىدە ئىنسان ئىدى.

5

1978 - يىلى مائارىپ سېپىدىكى قالايمىقانچىلىق
ئەمدىلا تۈزۈلۈشكە باشلىغان كۈنلەردە ئۈرۈمچى شە-
ھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش شۆبىسىدە

ئىككى سائەتلىك ئۇچۇق دەرس ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئۇچۇق دەرسكە ياش ۋە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار، رەھبەرلەر قاتناشقانىدى. ھەممىنىڭ كۆزى «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم» دېگەن نەسىرنى ئۆتۈۋاتقان بەستلىك، قوشۇلما قاش، مۆلايىم كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئوقۇتقۇچىغا تىكىلگەنىدى. ئۇ، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاپتور ۋە ئۇنىڭ تىپىك ئەسەرلىرى ھەققىدە ئوچۇق چۈشەنچە بەردى. ئارقىدىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تۈزۈلۈشى، بۆلەكلەرنىڭ باغلىنىشى، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى، باغلىغۇچىلار ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە توختالدى...

بۇ دەرسنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر قاراپلا ھەممىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىغان بىر پارچە رەڭلىك سۈرەت تارتىپ قويۇلغاندەك بولدى. دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپتىن چىقىپلا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى:

— تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى مانا مۇشۇنداق ئۆتسە بولىدۇ!

— مەن تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ بۇنچىۋالا مول مەزمۇنلۇق، كىشىگە بۇنداق كۆپ بىلىم بېرىدىغان دەرس ئىكەنلىكىنى بۈگۈنكىدەك ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن....

بۇ، ئابلىمىت سىدىققا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردىن بىلىم ئاشۇ-

رۇشقا كەلگەن كەسپداشلىرىنىڭ بەرگەن باھاسى ئىدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇ-
رۇش شۆيۈەنى ئابلىمىت سىدىقنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى
ئىقتىدارىنى ۋە مېتودىكا جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى
نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ تىل - ئەدەبى-
يات ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە قويىدۇ.
ئابلىمىت سىدىق خۇشاللانغان ھالدا جىددىي خىز-
مەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. تالاي قېتىملاپ دەرس ئۆتى-
دۇ. كېچىلەپ دەرس تەييارلايدۇ.
بىر قېتىم 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى-
نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كەچلىك تاماقتىن قايتىپ ياتى-
قىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا، تىل - ئەدەبىيات ئىشخانى-
سىنىڭ دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى
بايقايدۇ. ئۇلار بىرەر سائەتتىن كېيىن كەچلىك مۇ-
زاكىرىگە چىققاندا ئىشخانا چىرىغىنىڭ يەنىلا يورۇق
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشخانىغا كىرىدۇ - دە، ھەيران
قالىدۇ.
جىمجىت ئىشخانىدا ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىم
ئالقىنىنى بېشىغا تىرىگىنىچە ئۈستەل ئالدىدا ئۇخ-
لاۋاتاتتى. بالىلار ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.
ئۈستەل ئۈستىدە تەكشۈرۈپ بېرىلمەي قالغان ماقالە
مەشق دەپتەرلىرى تۇراتتى. ئابلىمىت سىدىق مۇئەل-
لىم ھەر بىر پارچە ماقالىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ
تۈزىتەتتى ۋە كونكرېت پىكىر يازاتتى. ئۈستەل
ئۈستىدە يەنە بىر ئىستاكان مۇزلاپ قالغان قايناق

سۇ بىلەن بىر پارچە نان تۇراتتى. باللار بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مۇئەللىمىگە تاماق ئەكىرىپ بەرمىگەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنىدۇ-دە، دەرھال ياتاققا كىرىپ چاي دەملەپ قەنت-گېزەك ۋە يۇمشاق توقاچلارنى ئېلىپ چىقىپ قويۇپ قويىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار شۇنىڭدىن كېيىنلا ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىمنىڭ ھەر قېتىم كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلەپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ، ئەتىكى دەرسكە ئۈلگۈرتۈپ خۇلاسىلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بىر قېتىم ئابلىمىت سىدىقنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەكتەپ مەسئۇلى مەتنىيىن ئۇنىڭغا ئائىلىسىدە دەم ئېلىشنى، خىزمەت بولسا ئادەم ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن ئۇ كەسكىن رەت قىلىپ:

— بۇنداق جىددىي پەيتتە مەن قانداقمۇ دەم ئالالايمەن. مەن ئىشلىشىم كېرەك. مائارىپ ئىشلىرىمىز بىر كۈن ئالغا ئىلگىرىلىسە، مەن بىر كۈن خاتىرجەم بولىمەن، — دەيدۇ.

مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى ساناتورىيىدە داۋالىنىشقا بەلگىلىگەندە ئۇ يەنىلا رەت قىلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش شۆبىسىنى مائارىپ نازارىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 1981-يىلى ئابلىمىت سىدىقنى «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» دېگەن

شەرەپلىك نامىنى بېرىدۇ.

ئابلىمىت سىدىق كېيىنكى چاغلاردا 14 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشكە تەيىنلەنگەندىن كېيىنمۇ، ئەزەلدىن دوسكا ئالدىدىن نېرى بولماي، ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۈزچىل تۈردە ئۆستۈرۈشنى ئېسىدىن چىقارمىدى.

ئۇ دائىم ئۆزىگە «بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەسلىدە بىر چىنە سۇ بېرىشنى ئويلىغان بولسا، ئۆزىدە جەزمەن بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قوياتتى. ئۇ ئۆزى گەرچە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىم ئۆتمەكچى بولغان دەرسنىڭ ئالدىدا ھەر جەھەتتىن كۆپ تەرەپلىمە تەييارلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ سوئال سورىغان ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنى جاۋابسىز قالدۇرغان ئەمەس.

ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى تەتقىق قىلىنغان نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ چىقىپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپىلەرنى ياراتتى. رادىئودا كۆپ يىل مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشقا پايدىلىنىش ماتېرىيالىنىڭ گرامماتىكا قىسمىنى تۈزۈپ چىقتى... ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئوينىغان رولىنى سۆز بىلەن تەس

ۋىرلەپ بېرىش قىيىن. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى (ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى) دوختۇر دەم ئېلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، كۆكسىنىڭ قاتتىق سانجىپ ئاغرىشىغا پىسەنت قىلماي، يېزىق ئۈستىلىدە تاكى يېرىم كېچىگىچە يېزىقچىلىق قىلغانىدى.

ھاياتلىقنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى بويىچە ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ. ئەمما ئۆلۈملەرنىڭ ئەھمىيىتى ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ ئابلىمىت سىدىقتا ئوخشاش پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقىنىڭ ئىشلىرىغا ئاتا قىلىپ، كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالالىغۇدەك ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلۈمىلا ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆزىنى ياشلاپ، قەلبىنى ئۆرتەلەيدۇ. خۇددى گىگانت شائىر ئابدۇراخمان جامى يازغاندەك:

يادىڭدىمۇ، ئېيتچۇ سەن تۇغۇلغاندا،
ھەممە كۈلگەنىكەن، سەن يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممەيلەن يىغلىسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

ھالەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

ئىھ ئۇستازا! بۈگۈنكى بۇ گۈزەل دۇنيا، كەلگۈسىدىكى ئەڭ گۈزەل دۇنيانىڭ مۆجىزىلىرى پۈتۈنلەي سىنىڭ ئەجرىڭگە مەنسۇپ!

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 14-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مەرھۇم ئابلىمىت سىدىقنىڭ جەسىتى ئۇلانباي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.




(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەرگەن روزى

مۇقەددىمە



ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىرىپ بىر مەزگىل تۇرغان كىشى يا يىغلاشنى، يا كۈ-لۈشنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرى-كىتى، ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر كۈلكىسى كىشىگە نۇرغۇن سوئاللارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھەيرانلىق ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئۇلار زامانىمىزدا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈشكە،

ھەممىدىن بەك قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك كىشىلەر. ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇر كۆرۈلۈپ، يايراپ يۈرۈشىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئىنچىكە كۆزەتكەن كىشىلەرگە تولىمۇ بىچارە ۋە تولىمۇ بىمەنە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

## ٨. گۈزەل ئارزۇلار

گۈزەل ئارزۇلار ئۇلارنى بۇ ماكانغا سۆرەپ كەلدى. گۈزەل ئارزۇلار بىر چاغلاردا ئۇلارنى تىرىشچان، ئۇيقۇسىز قىلىۋەتتى؛

كەڭ-كەڭرى، يورۇق، ئازادە دەرسخانىلار، تەجرىبىخانىلار، كۇتۇپخانىلار، پروفېسسور-ئالىملار، كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچىلار، ھەر خىل شىۋىلەردە سۆزلىشىدىغان ساۋاقداشلار... ھەر قېتىم ئۇلار كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندا بۇلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى؛ ئۇلار زادى كىملەر؟ ئۇلار نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىن تاللىنىپ، رىقابەتتە يېڭىپ چىقىپ بۇ ماكانغا جەم بولغان ستۇدېنتلار. ئۇلار مېھرىبان ئاتا-ئانىسىنىڭ، سۆيۈملۈك خەلقلىرىنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇ ماكانغا كەلدى. ئاتا-ئانىلار ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققاندا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ھەر بىر تامچە ياش بىر ئىنەقەدە ئىدى. چۈنكى

ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ مەڭگىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئۇلار بۇ ماكاندا ئۆزلىرىنى ئەلۋەتتە ئەركىن، ئازادە ھېس قىلىشىدۇ. چۈنكى بۇ بىر ئالىي بىلىم يۇرتى. ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

خوش، ئۇلار بۇ ماكانغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىنكى تۇنجى پائالىيىتى قانداق بولدى؟ ئۇلارنىڭ تۇنجى پائالىيىتى ــ بۇ ماكانغا بالدۇرراق كېلىپ كۆنۈپ كەتكەن يۇرتداشلىرىنىڭ «قىزغىن» كۈتۈۋېلىشىدىن ئىبارەت بولدى. يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشىلار، مۇڭلۇق گىتار ساداسى، بىر ـ بىرىگە چاراقلاپ سوقۇلۇۋاتقان رومكىلار، قىزىقارلىق تانسىلار، ۋارقىراپ كۈلۈشلەر بىلەن ئۆتكەن بۇ سورۇن ئۇلارغا مۇكاپات بولدى. بۇ مۇكاپات ئۇلارنىڭ مۇشۇ ماكاندىكى ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

«ــ ئالىي مەكتەپ دېگەن شۇنداق بولىدۇ. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ خوجا بولىسەن.»

«ــ ئوتتۇرا مەكتەپتىكىگە ئوخشاش ھەر كۈنى بىر ئوقۇتقۇچى كۆزۈڭگە قاراۋالمايدۇ. ئەركىن ياشايسەن.»

«ــ زېرىكمەيسەن، ئۆزۈڭنى ئازادە ھېس قىلىسەن.»

«ــ ساۋاقداشلىرىڭنىڭ كەينىدىن قالماي، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەي ئوقۇغىن، قىسقىسى 60 نومۇرنى

قولدىن بەرمە.»

...

مانا بۇ ئۇلارغا «پىشقەدەملەر» تەرىپىدىن بېرىلگەن تۇنجى تەربىيە ھەمدە بۇ ماكانىنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇپ قالدى. ئۇلار دەسلەپتە سەل ـ پەل تېڭىرقىغاندەك قىلدى. كېيىن «پىشقەدەملەر»نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئەتراپتىكى مۇھىتقا ئاستا ـ ئاستا ماسلىشىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ھاياتى سىزگە چەكسىز خىياللارنى ئاتا قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بۇ ماكاندا بارغانسېرى كۆپىيىشى ئەلۋەتتە ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدۇ. چۈنكى يەر شارىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە تۇرۇپ قۇدرەت تېپىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىشۋاتقانلارنىڭ قايسى بىرى مۇشۇنداق ماكاندا ئوزۇقلانمىغان، قايسى بىرى مۇشۇنداق ماكاندا ئۇچۇرما بولۇپ، مەرىپەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلمىغان؟

بۇ، ئادەملەرنى ھەقىقىي ئادەملەرگە ئايلاندۇرىدىغان ماكان. كىشىلەر مۇشۇ ماكاندىن ئايرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ يىراق چەتتىكى مىسكىن مەھەللىسىگە قايتقاندىمۇ شۇ مەھەللىدە روھىي جەھەتتە گاداي بولۇپ قالغانلارغا قۇۋۋەت بېغىشلىيالىسا، ئۇلارنىمۇ ئۆزى ئوزۇق ئالغان ئاشۇ ماكانغا ئېلىپ كىرگەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرەلىسە، بۇ ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك بولىدۇ. ئۆزىنىڭ خەلقىنى، مىللىتىنى، ۋەتىنىنى قەدىرلىگەندەك بولىدۇ.

بىز مۇشۇ ماكاندا ياشاۋاتقان، باشقىلارغا ئالاھىدە بىلىنمىدىغان ستۇدېنتلارغا قاراپ باقايلى.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ياتىقى، ئىچىملىك پۇرىقى ۋە چېكىملىكنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئارىسىدىن ئۇلارنى غۇۋا كۆرۈۋاتىمىز. ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ توختاپ تۇرۇڭ، مەن سىزگە ئۇزۇن يىللىغان مۇنۇ خاتىرىنى ئوقۇپ بېرەي:

مەن ئىزدىگەن دوستۇم بۇ ياتاقتا يوق ئىكەن. كۇتۇپخانىغا باردىم، ئۇنى تاپالمىدىم، كۆڭلۈم غەش بولۇپ ياتىقىمغا قايتىۋاتقىنىمدا كۇتۇپخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئورمانلىقتا بىرسىنىڭ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. قاراڭغۇ چۈشكەن چاغ بولغاچقا ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرق ئېتەلمەي يېنىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— نېمە بولدىڭىز؟ ئاتا-ئانىڭىزنى سېغىنغان ئوخشىمامسىز؟

— ياق، مەن ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمنى سېغىنىۋاتىمەن، شۇ كۈنلەر گۈزەل ئىدى.

— ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، ھەرگىز قايتىلانمايدۇ. ھەيرانمەن، باشقىلار ستۇدېنت بولۇش ئارزۇسىدا تىرىشىۋاتسا، سىز بۇنىڭدىن زېرىكىپسىزغۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق تىرىشقان، چۈشلىرىمدىمۇ مۇشۇ ماكاننى كۆرەتتىم؛ مۇشۇ ماكانغا كىرىپ ئوزۇق ئېلىش زور بەخت دەپ ئويلايتتىم. چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالغان شۇ مىنۇتتا خۇشاللىقىم-

دىن ياش تۆككەنىدىم، ئوقۇتقۇچىلىرىمنى قۇچاقلىغانىدىم، مېھرىبان ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولغانىدىم. ئەپسۇس بۈگۈن قىينىلىۋاتىمەن، بۇ ماكانغا كەلگىنىمگە ھەتتا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ماڭا ئوخشاش قانچىلىغان ئوقۇغۇچىلار مۇشۇنداق ھېس-تۇيغۇدا بولۇشى مۇمكىن. ماڭا پىكىرداش بولىدىغانلار — ماڭا مەدەت بېرىدىغانلار، ئىزدىنىش سەپىرىدە ماڭا ئاق يول تىلەيدىغانلار تولىمۇ ئاز بىلىنىۋاتىدۇ. روھىي بېسىم ماڭا ئېغىر كەلدى. ياتاققا كىرسەم دەپتەر-قەلەمنى قويىدىغان شىرەدىن باشقا ئورۇن يوق، بۇ ئورۇننى رەڭدار بوتۇلكىلار ۋە زاكۇسكىلار ئىگىلىگەن. ياتاق پەقەت چالا-بۇلا ئۇيقا بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزۈشكىلا يارايدۇ؛ دەرسخانىمىز قارتۋازلار، كۈلكە چاقچاقلار، ۋاراڭ-چۇرۇڭلار بىلەن تولغان؛ مەكتەپنىڭ ياسىداق يوللىرىدا ئاخشاملىرى چوڭقۇر خىياللار بىلەن سەيلە قىلغۇم كېلىدۇ. بىراق بەش قەدەم ماڭا-ماڭمايلا مەستلەردىن تەستەك يېدىم. ئۇ يەر، بۇ يەردە مەست بولۇپ يېتىلىپ قالغانلار، قۇسۇۋاتقانلار مېنى بىزار قىلدى. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بۇنداق مۇھىتتا مەن ياش تۆكمەمدىم؟

ئۇنىڭ گېپى تۈگىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نارازىلىق قانداقتۇر بىرەر پارتىيە، ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق ئەمەس. ئېنىقكى، ئۇ ئۆز مىللىتىدىن بولغان سەپداشلىرىغا نارازى بولۇۋاتىدۇ. مەن

ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ ئاخىرى ئۇنىڭغا چىدىما-
لىق، غەيرەت، غايە توغرىسىدا چۈشەنچىلىرىمنى
سۆزلەپ قويدۇم. ئۇ ئۆز جايىدا يەنە نېمىلەرنىدۇر
خىيال قىلىپ، ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ
قالدى.

ئاپئاق ئايدىڭ كېچە.

چىگىش خىياللار ماڭا ئارام بەرمەيدى. بىزنىڭ
بۇ كىشىلىرىمىز دۆت ئەمەس. ئۇنداقتا ئەقلىنى،
ئىمكانىيىتىنى كىملەرگە، قاچانغا ئاياپ قويىدىكىنە؟
ئالىي بىلىم يۇرتىدا تەربىيىلىنىۋاتقان كىشىلەر ئۆز
خەلقىنىڭ، مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ياراتقۇ-
چىلار بولۇشى كېرەك. ئۇلار مەدەنىيەتنى ئايىغ-
ئاستى قىلغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنى
ياراتقۇچى ۋە تارقاتقۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك؛
مائارىپ — ئىنسانلارنى دۇنيادا داۋاملىق ياشاشقا
ئىگە قىلىدىغان قورال. ئىنسانلار مائارىپ ئارقىلىق،
پەن-تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ باشقىلارغا
بەخت كەلتۈرىدۇ ۋە باشقىلارنى بويسۇندۇرۇپ تۇرا-
لايدۇ. قايسى بىر مىللەت بۇ تەرەپكە ئەھمىيەت
بەرمىسە، سەل قارىسا ئاخىر ۋەيران بولىدۇ. كېلە-
چەك كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ، غالىبلارغا مەنسۇپ؛
تەرەققىيات ئاجىز، قاششاقلارنى رەھىمسىزلارچە سىقىپ
چىقىرىدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى ئۇلار چۈشەنمەم-
دىكىنە؟ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەن-مەدەنىيەت
رىقابىتى دەل ھايات-ماماتلىق رىقابەت. ئۇنىڭغا

بىزنىڭ دوستلىرىمىز ئىشەنمەمدىكىنە؟

ياتىقىمغا قاراپ كېتىپ بارىمەن. قەدەملىرىم شۇ قەدەر ئاستا. ئالدىمدا بىر مەست پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا قاتتىق سوقۇلغاندىن كېيىن دەلدەڭشىپ يىقىلدى. ئۇنى يۆلىدىم، چۆچۈپ كەتتىم. يۆلىنىۋالغىنىم دەل باياتىن بېرى ئىزدىگەن دوستۇم ئىكەن.

— نېمە بولدۇڭ، تەڭشىلىۋاپسەنغۇ؟

— سەنمۇ تەڭشەل، تەڭشەلمىسەڭ داشۆدىكى سەپداشلاردىن ئايرىلىپ قالىسەن، يالغۇز قالىسەن. بۈگۈن ياتاقتا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. بىردەمدىن كېيىن ياتاقداشلىرىم خېلىدىن بېرى ئويناۋاتقان قىمارىنى توختىتىپ بوتۇلكىغا يېپىشتى. ئىچىم پۇشۇپ ئۇلار بىلەن تاكاللاشتىم. ئۇلار نېمە دەيدۇ دېمەمسەن؟ «سەن ئەتىدىن كەچكىچە كىتابنى قۇچاقلاپلا يۈرىسەن، ئالىم بولۇپ كېتەمتىڭ؟ ھەر قانچە قىلساڭمۇ يەنە شۇ تۇغۇلغان يېزاڭغا بارىسەن. بىزگە ئوخشاشلا ياشايسەن. ئۆزۈڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن؟ ئۆلۈپ كېتىدىغانچاھاندا ئازراق بولسىمۇ كۈلۈپ ياشىمامسەن؟ ساۋاقداشلارغا ئارىلاشمىساڭ تۈگمەس ئازابقا قالىسەن» دەيدۇ. ئېيتقىنا، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا بىز دەل ئاشۇ كۈلكە ئۈچۈن، بەخت ئۈچۈن تىرىشقانىدۇق؟ قەلبىمىزگە نى-نى گۈزەل ئارزۇلارنى پۈككەنىدۇق؟ مەن بۈگۈنكىدەك دەشنەملەرنى ئاز يېمىدىم. ماڭا ئوخشاش تەبىئىي پەن ئوقۇۋاتقانلارنىڭ نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن ئاز ۋاقىت كۇپايە قىلمايدۇ، ۋاقىت شۇ

قەدەر كۆپ. بىراق مەن بۇ ۋاقىتلاردىن قانداق جاي-
دا پايدىلىنىۋەن؟ مىللىتىمىزنىڭ تەبىئىي پەن سەۋى-
يىسى تۆۋەن، بوشلۇقلار ناھايىتى كۆپ. شۇنداق
تۇرۇقلۇق بىز نېمىشقا چۆچۈمەيمىز؟ باشقىلاردا بار
ئەقىل بىزدىمۇ بارغۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق چۈشكۈن
بولۇپ كېتىمىز؟ نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن پۈتلىكاشاڭلار
ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدىن كېلىدۇ؟ باشقىلارنى مەنسىت-
مەسلىك، مەسخىرە قىلىش، دەشنەم بېرىش بىزدىكى
ئادەتمۇ؟ مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنگىن. بۇ ئالىي بىلىم
يۇرتى ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى-
لار دەم ئالىدىغان باغچىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مۇشۇن-
داق بىر بىلىم يۇرتىدا بىلىم توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان-
لار، ھەقىقىي ۋىجدانى بىلەن ئىزدىنىدىغانلار ئاز
ئىكەن. نۇرغۇن دوستلار كېلىچەكتىكى ۋىجدانىي جاۋاب-
كارلىقتىن ئەندىشە قىلمايدىكەن، ئەندىشە قىلىدىغانلارمۇ
ئاز ئىكەن. ئۇلارغا ئارىلىشايلى، بىز ئۇلاردىن
ئايرىلىپ يېتىم قالمايلى...

— ياق دوستۇم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى
تۇتۇپ، — سەنمۇ بۇنداق خىيالدا بولساڭ، مەنمۇ
قوشۇلسام تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ، ئۇلار تېخىمۇ ئازىيىپ
كېتىدۇ. چىداملىقراق بولغىن. بۈگۈن ئاز بولسا ئەتە-
ئۆگۈن كۆپىيىپ قالىدۇ.

# بىچارە كۈلكىلەر

مەكتەپ بويىچە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىشىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن خەۋىرىنى ئاڭلاپ خوشال بولدۇم ھەمدە ئالدىراپ يېتىپ كەلدىم. چۈنكى بۇنداق يىغىنلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى، ئوقۇغۇچىلارنى چۈشەنگىلى بولاتتى.

مەكتەپ مۇدىرى ئىبراھىم خالىق ئالدى بىلەن سۆز باشلىدى:

— ساۋاقداشلار، بۈگۈنكى بۇ سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلغىنى ياخشى بولدى. مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇنداق يىغىنلارنى ئېچىش تولىمۇ زۆرۈر. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ بۇ ئىسلاھاتقا قاتنىشىشى كېرەك. چۈنكى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ خوجايىنلىرىدۇر. قېنى ساۋاقداشلار، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى.

سۆزلىشىش باشلاندى.

— مەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى. فاكۇلتېتىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئورتاق تەلىپى، — دېدى بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھازىر ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ تامىقى ياخشى بولمايۋاتىدۇ. تاماقلارنىڭ باھاسى قىممەت، سەيلەرنىڭ تۈرى ئاز، بەزىدە چاي قاينىمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ مەسىلىنى ئويلىشىپ كۆرسەڭلار.

— مەن خىمىيە فاكۇلتېتىدىن، — دېدى بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى، ساۋاقداشلارغا ۋەكالىتەن مەكتەپ رەھبەرلىرىگە بىر قانچە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بىرىنچى، ھازىر مەكتىپىمىزدە بىر خىل بۇرۇختۇم ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇشى، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇرۇختۇم ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەب، مەكتىپىمىزدە ئوقۇغۇچىلارنى ئىجادچانلىققا، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەيدىغان پائالىيەتلەر ئاز بولىۋاتىدۇ. تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، ئىلمىي دوكلاتلار مۇنازىرىلىشىش يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك ئۇچۇر، ئاخبارات، دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايۋاتىدۇ. شۇڭا مەكتەپ ھازىر بار بولغان ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تېلېۋىزور كۆرۈشتىن بەھرىمەن قىلسا.

چەتتەرەك ئولتۇرغان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بۇ تەكلىپنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۆزلىشىش داۋاملىشىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ پىكرىم شۇكى، بىزنىڭ فاكۇلتېتتىكى تۇرمۇش كاتىپى خەت-چەكلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمەيۋاتىدۇ.

— مەن ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق پىكرى شۇكى، ھازىر بىزنىڭ تاماق بىلەتىمىز

يېتىشمەيۋاتىدۇ.

— مېنىڭ پىكرىم شۇكى، مەكتەپىمىزكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئويلىشىپ كۆرۈپ، مۇمكىن بولسا ئوقۇغۇچى-لارغا پات - پات كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇش-تۇرۇپ بەرسە.

— مەن بىئولوگىيە فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى، مەنمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق تەلىپىنى يەتكۈزۈپ قوياي. ھازىر مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىك ماتېرىياللىرى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ، بۇ مەسىلە ئويلىشىپ كۆرۈلسە.

— مېنىڭ تەكلىپىم، — دېدى بىر خەنزۇ ئوقۇ-غۇچى، — مەكتىپىمىزنىڭ ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئۇنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ھازىر قول-لىنىۋاتقان يېزىقچە ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى ئوقۇغۇچى-لارنى شەكىلۋازلىققا كۆندۈرۈپ قويىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق بىلەن ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇ-لىنى قوللىنىش كېرەك. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەردە بۇ ئۇسۇل مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بۇ تەكلىپنى قوللىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئوقۇغۇچىلارنى بىلىم ئىگىلەشكە قىزىقمايدى-غان، لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغان مۇنداق بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئوقۇ-غۇچىلارغا بېسىم يوق، بولۇپمۇ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئىشى بەك ئاسان، دەرسنى ئۆزلەشتۈرگەن - ئۆزلەشتۈر-
مىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش
كەمچىل، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا
رەھىمدىللىك، بىر - بىرىنى ئالداش مەۋجۇت. ئەگەر
بىرەر ئوقۇتقۇچى ئۆزى تەييارلىغان ماتېرىيالنى ئوقۇپلا
بېرىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ چىقىپ كەتسىمۇ، دەرس
مەزمۇنىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرمىسىمۇ بۇنىڭغا كەپ
قىلىدىغان، ئېچىنىدىغان ئوقۇغۇچى يوق، چۈشەنمىگەن
سوئاللارنى سوراشقىمۇ ئادەم چىقمايدۇ. مانا بۇ ئوقۇ-
غۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىغا رەھىمدىل بولغىنى؛ ئەگەر
ئوقۇغۇچى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرار قىلمىسىمۇ،
دەرسكە قولاق سالمىسىمۇ بۇنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئوقۇت-
قۇچى يوق، ئىمتىھانلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى
ئاتمىشقا يەتمىسە، ئوقۇتقۇچى يەتكۈزۈپ قويىدۇ، چۈن-
كى ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭمۇ بىر چاغلاردا ئوقۇغۇچى بول-
غانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويىدۇ. مانا بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ
ئوقۇغۇچىغا بولغان رەھىمدىللىكى؛ بۇنداق رەھىم-
دىللىك ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىنى ئالدىغانلىق، بىر -
بىرىنى ۋەيران قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مۇشۇ مەسى-
لىنى مەكتەپ جىددىي پوزىتسىيە بىلەن
ئويلىشىپ كۆرسە.

بۇ ئوقۇغۇچى سۆزلەۋاتقاندا، يىغىن مەيدانىنى
جىمجىتلىق باستى. بىراق بىرەر مىللىي ئوقۇغۇچى بۇ
پىكىرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. مۇناسىۋەتلىك
رەھبەرلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر تەلەپلىرىگە لايىقىدا

چۈشەنچە بەردى. يىغىندىن رىياسەتچىسى يىغىننى ئاخىرلاشتۇردى. مەن يىغىندىن قايتىپ چىقىۋېتىپ ئۆزۈمچە بۇ يىغىننى خۇلاسىلىدىم: بۈگۈنكى يىغىندا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن مىللىي ئوقۇغۇچىلار روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ چىقتى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەدېسىلا ئۆزلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق بولغان تەكلىپ ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن؛ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش جەھەتتىكى تەلەپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن. ھەدېسىلا تاماق ۋە باشقا تەرەپلەرنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقباللىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن. كۆڭلىدە ئويلىغان- لىرى بولسىمۇ سۆزلەشنى خالىمايدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاي ئاخىرىدا 4 - 3 كۈنلۈك تامىقى ئۈچۈن باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن، بىراق بىرەر- سىنىڭ مەكتەپتە ئاچ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

توغرا، خەنزۇ تىل - يېزىقتىكى ماتېرىياللار مول. مىللىي تىل - يېزىقتىكى ماتېرىياللار كەمچىل. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ تەرەققىياتنىڭ توسالغۇسى ئەمەس. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا تىل مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. ئۆز تىل - يېزىقىنىلا بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ. ھازىر خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم بىر پايدىسى شۇ يەردىكى، چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن يېڭى پەن تۈرلىرى، ئالىملار سەۋىيىدىكى نەزەرىيىلىرى خەن- زۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. چەت ئەل تىلى

ئۆتكەندىن ئۆتەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن چەتئەل تىل - يېزىقىدا كۆرمەكچى بولغان ئېسىل ماتېرىياللارنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكىلىرى تەييار تۇرۇپتۇ. شۇڭا تىل - يېزىق مەسىلىسى توسالغۇ مەسىلىسى ئەمەس. ئۇ ئۆزىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ پايدىلىق ۋاستىسى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ توغرۇلۇق بەرگەن تەكلىپىنى ئورۇنسىز دەپ قارىدىم. مۇشۇ يىغىندىن كېيىن مەن ئەتراپىمغا تېخىمۇ بەكرەك دىققەت بىلەن قارايدىغان بولدۇم. ئەمدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق بىنالىرى، دەرسخانىلار مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى.

ياتاقلار سىزگە ئىشسىزلارنىڭ ماكانىنى ئەسلىتىدۇ.

— سىلەر چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن باشلاپلا ئويناۋاتىسىلەر، قارتىنىڭ خۇمارى كۈچلۈك ئوخشىمامدۇ؟

— قىلغىلى ئىش يوق، زېرىكىپ ئويناۋاتىمىز.

مانا بۇ — ئۇستەلنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ قارت ئويناۋاتقانلارنىڭ جاۋابى. 2—3 گۇرۇپپا ئوقۇغۇچى يېڭىلگەنلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىش ئۈچۈن ئۆچىرەت كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. قىقاس كۈلكىلەر ئۆينى چاڭ كەلتۈرىدۇ.

— سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن سۆزمەن ئىكەنسىلەر، چاقچاقچىمۇ ماھىر ئىكەنسىلەر، كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي پاراڭلىشىپسىلەر.

— قانداق قىلىمىز، قىلغىلى ئىش يوق تۇرسا.

يۈرۈڭلار دوستلار، پاراڭىمىزنىڭ داۋامىنى تاماقتىن كېيىن قىلىشايلى.

مانا بۇ — تاماكا ئىسى بىلەن تولغان بىر

ياتاققا توپلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىۋاتقانلارنىڭ ساداسى.

— سىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەكلا بەزمە قىلىدىكەنسىلەر، ناخشا ئېيتىدىكەنسىلەر، ھاراق ئىچىدىكەنسىلەر، نېمە دەردىڭلار بار؟

— قىلغىلى ئىش يوق، زېرىكىپ كەتتۇق، ھاراق ئىچمەك ئۆزىمىزنىڭ پۇلىغا ئىچتۇق.

مانا بۇ — كۈلكە - چاقچاققا تولغان سورۇن ئەھلىنىڭ يۈرەك ساداسى. ئۇلارنىڭ چىرايى خۇنۇكلەشكەن، كۆزلىرى قىزارغانىدى.

بۇلار زادى نېمىدىن زېرىكتى، نېمە ئۈچۈن زېرىكتى؟ بۇ سوئالغا ئۆزۈممۇ جاۋاب بېرەلمەيمەن.

بىر كۈنى كەچتە، مەكتەپ ياتاق باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ بەزى مەسىلەلەرنى سورىدىم. ئۇ ھەم ئېچىنغان، ھەم غەزەبلەنگەن ھالدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرى پات - پات تەكشۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇلار بىرەر خەنزۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ھاراق ئىچىپ يىقىلىپ قالغىنىنى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغىنىنى ئۇچراتماپتۇ. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرايدىكەن. ھاراق ئىچىپ يەنە ئۆز ئارا جېدەل چىقىرىدىكەن. بىر - بىرىنىڭ تېنىنى جاراھەتلەندۈرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن تەكشۈرگۈچىلەر چەكسىز ئازابلىنىدىكەن. خەنزۇ

ئوقۇغۇچىلار جېدەل - ماجىرالار تۈپەيلىدىن ئۆگىنىش قىلالمىغاندا، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى قالاق دەپ ئەيىبلەيدىكەن، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار بۇنى ئاڭلىسا غەزەپلىنىپ كېتىدىكەن ياكى جېدەل چىقىرىدىكەن. گەرچە بۇ قىسمەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئايرىم ئەھۋاللار بولسىمۇ، ئەمما مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى نۇرغۇن تىرىشچان، ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچىلار بۇ ھالەتتىن ئازابلىنىدىكەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار قاتتىق بولغان تۈزۈملەرنى، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ بۇ ھالەت تۈپتىن ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ جېدەللىگە كۆپىنچە يۇرتۋازلىق سەۋەبچى بولىدىكەن.

مەن ھەيران بولدۇم. دۇنيا تەرەققىياتى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. زامان ئۆزگەرمەكتە. ئۆزگەرگەن زاماندا پەقەت شۇ زامانغا لايىق ئادەملەر قەدىرلىنىدۇ. ياشىيالايدۇ. بۇ بىر بىلىم يۇرتى، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆز - قۇلىقى بۇ بىلىم يۇرتىغا مەركەزلەشكەن. خەلقىمىز كۈتكەن ئالىملار، ئەدىبلەر، تەتقىقاتچىلار، ئىنژېنېرلار مۇشۇ جايدىن چىقىشى كېرەك ئىدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يەنە مەدەنىيەت رىقابىتى جاكارلاندى. رىقابەتكە ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ بىلىم يۇرتىدىكى كىشىلەر قاتنىشىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ رىقابەت ھېچقاچان بىرەر مىللەتكە ئېتىبار قىلمايدۇ. بىرەر مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشىنىشى، ئىنسانىيەت

مەدەنىيىتى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشى يېزىدىكى كەتمەن تۇتقان دېھقانلىرىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشارمۇ؟ مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى ۋە كېلەچەكتىكى تارىخى سودىگەرچىلىك ۋە دېھقانچىلىق بىلەن توشقۇزۇلارمۇ؟

ئۆز خەلقىنى، ئۆز مىللىتىنى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش ئەڭ ئاۋۋال بىلىم ئىگىلەشتىن باشلىنىشى كېرەك. زامانىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىدىكى دۇنياۋى ئىلىم، دۇنياۋى نۇقتىئىنەزەر، ئەخلاق بولۇشى، رىقابەت ئېڭى كېرەك. بۇ ئىلىم، بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئالدى بىلەن مۇشۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتىدا توپلاشقانلار ئىگە بولۇشى كېرەكقۇ؟

بىر دوستۇم ئۆز سۆيگۈنى تەرىپىدىن يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ماڭا ئوقۇپ بەردى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ساۋاقداش T، خېلى يىللاردىن بېرى ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ كەلدۇق. مەن سىزنى چۈشىنىمەن ھەمدە قەدىرلەيمەن. سىزمۇ ھەم شۇنداق. بىراق بىر ھېس - تۇيغۇ مېنى ئۇزۇندىن بۇيان يوشۇرۇن ئازابلاپ كەلدى. ئېيتىڭە، بىز پەقەت تەسەۋۋۇرىمىزدىكى مۇھەببەت ئۈچۈنلا، تەييارغا ئاشىق بولۇش ئۈچۈنلا يارالغانمۇ؟ ئىككىمىز باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشاشلا خۇشال ئۆتتۇق. بۇ خۇشاللىقىمىز پەقەت ھەمىشە ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقىمىزدىن، ھەر كۈنى دېگۈدەك كىنوخانىلاردا،

تانسخانىلاردا خىلۋەت جايلاردا بىللە بولغانلىقىمىزدىن بولدى. خۇشاللىقىمىزنىڭ مەنبەسى ئاساسەن شۇلار بولدى. بىز بىنۇنداق «ئىشقى پائالىيەت» لىرىمىزگە نۇرغۇن ۋاقىتلىرىمىزنى سەرپ قىلدۇق. بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇ-چىلىرىمىزنى، مەكتەپنى، ئۆزىمىزنى ئالدىدۇق. بىزگە ھېچ كىم دەخلى قىلالمىدى. بىز ئوچۇن ئېيتقاندا، بۇ مەكتەپتە ئاساسىق ۋەزىپىمىز بىلىم ئىگىلەش ئىدى. ھازىرغىچە ئىززىمىزنىڭ ۋاقىت ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتىمىزنىڭ كۆپ قىسمى بىلىم ئېلىشقا سەرپ قىلىنمىدى. دەرسخانىدىن خۇددى قەپەزدىن ئاجرىغان قۇشلاردەك ئالدىراپ چىقتۇق ... تە، بىر - بىرىمىزنى ئىزدىدۇق. بىرەر قېتىممۇ دەرسلەرنى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرەلىگىنىمىز ئوچۇن خۇشال بولۇپ باقمىدۇق. ۋۇجۇدىمىزدا نۇرغۇن يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن. بىراق بۇ يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش توغرۇلۇق بىز ھەرىكەتلىنىپمۇ باقمىدۇق؛ بۇ توغرۇلۇق ئاندا - ساندا سۆزلەشكەن ۋاقىتلارمۇ بولمىدى. قىسقىسى، بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ئويۇن - كۈلكە، بىكار-چىلىقتىن كەلدى. شۇڭا بۇ خۇشاللىق ماڭا تولىمۇ بىچارە تۇيۇلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى مۇھەببەت ئوچۇنلا ئاتىۋەتكەندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. سىز بۇلارنى ئويلىدىڭىزمۇ؟ كېلىچەكىمىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئىمتىھانلاردىنمۇ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كەلدۇق، دىپلوم ئېلىپ

مەكتەپ پۈتتۈرەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. بىراق، ھازىر بىلگەنلىرىمىزگە ۋە دىپلومىمىزغا تايىنىپ داۋاملىق ياشىيالمايدىغاندەك قىلىمىز. كۆزۈمگە ھەممىلا جايدا ھايات - غايىلارغا مەنسۇپ، كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكىلار كۆرۈنۈۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭدە سىز ياقتۇرىدىغان چىراي، ئېسىل كىيىم - كېچەكلەر، سىزگە بولغان ئەقىدە بار. بۇ ئۈچ نەرسە بولغىنى ئۈچۈن سىز مېنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىڭىز، ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا مېنى قەدىرلىدىڭىز، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويمىدىڭىز. لېكىن، بۈگۈن ئويلىسام بىر قىز ئۈچۈن بۇ ئۈچ نەرسە كۇپايە قىلمايدىكەن، بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش جاپاغا چىداپ ئۆگەنسەك، يۈكسەكلىككە ئىنتىلسەك، رىقابەتكە قات-ناشساق، بىز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ئەتراپىمىزدى-كىلەرگە تەسىر كۆرسەتسەك بولىدىكەن. بىزنىڭ پۈت-قولىمىز ساق، ئەقلىمىز بار، ئىمكانىيىتىمىزمۇ بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق باشقا مىللەتلەردىن داۋاملىق كېيىن قالغىنى-مىزغا ئويلىمامدۇق؟ مەن ئىشىنىمەنكى، ئەقىل جەھەتتىكى پەن - مەدەنىيەت رىقابىتى جەھەتتىكى پەرقنى پەقەت ئۆزىمىزلا ئازايتالايمىز، ئۇنى ھېچكىم چەكلىيەلمەيدۇ.

بىلىمەن، مۇھەببەت گۈزەل، ئۇنىڭسىز ھاياتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بىراق مەكتىپىمىزدىكى بەزى ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنى شۇنىڭغىلا بېغىشلىغاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاپ كۆرسىڭىز.

سىزنى قەدىرلىگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۆزۈمنىڭ ئويلىغان-لىرىمنى قالدۇرماي سۆزلىدىم. ئەگەر مېنى داۋاملىق قەدىر-لىمەكچى بولسىڭىز، مەكتىپىمىزدىكى مۇھەببەت مەس-تانچىلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ قويۇڭ. بۇ ھالەتكە ئېچىنىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، بىرلىكتە كۈچ چىقارساق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلىرىمىزدا نەتىجە قازىنىشنى، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن جاپا چېكىشنى ئېسىمىزگە ئالايلى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز سۇسلىشىپ قالمايدۇ.

سىزگە ئۇتۇق تىلەپ:

سۆيگىنىڭىز C».

مانا بۇ سەمىمىي يۈرەكنىڭ ئىلتىجاسى. بىر قىز-نىڭ يۈرەكلىك ھالدا كىشىنى ئويغا سالىدىغان مە-سىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى كىشىنى خۇشال قىلى-دۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىدىغان دوستلارنىڭ كۆپىيىشىگە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرەيلى. ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە ئاللامۇ ئا-سانلىق بېرىدۇ.

× × ×

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چەت ئەل تىلى كۇرسى ئېچىلىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغىمۇ قىزىقتىم.

— تىل خۇددى كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ، — دېدى ئو-
قۇغۇچىلار كادىرى ئالىمجان، — بىز بۇنىڭدىن پايدى-
لىنىپ نۇرغۇن ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلالاي-
مىز. مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلىرىدىن چەت ئەل تىلى
ئۆگىنىدىغان ھەقىقىي ئۆتەلەيدىغانلار ئاز چىقىدۇ. شۇڭا
بىز ئۇلارغا ئىلھام بېرىش، ئىمكانىيەت يارىتىپ بې-
رىش ئۈچۈن ياپون تىلى، رۇس تىلى، ئىنگلىز تىل-
لىرى كۇرسىنى ئاچتۇق. مەخسۇس مىللىي ئوقۇغۇچىلار
ئۈچۈن ئېچىلغان بۇ كۇرستا ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانى
كۆپ ئەمەس. ئوقۇغانلىرى ئىچىدىمۇ داۋاملاشتۇرال-
ماي چىقىپ كەتكەنلەر كۆپ. بەزى مىللىي ئوقۇغۇچى-
لار ھەر كۈنى كەچلىكى كىنوخانىلاردا، تانسىخانىلاردا
ئويناپ يۈرۈپ، ياتاقتا قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ۋاقىت
ئۆتكۈزۈشكە رازى بولىدۇكى، ھەپتىدە ئالتە سائەت
ۋاقىتنى تىل ئۆگىنىشكە ئاجرىتىشقا ھەپسىلىسى
بولمايۋاتىدۇ.

مىللىي ئوقۇغۇچىلاردا تىل ئۆگىنىشكە ماھىربو-
لۇشتەك ئالاھىدىلىك بار. ئۇلار تىرىشچانلىق كۆرسەت-
سىلا، چىداملىق بولسىلا، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا قارى-
غاندا تېز ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. بۇنى خەنزۇلارمۇ ئې-
تىراپ قىلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، جاپا-
لىق ئۆگىنىپ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشكەنلەرمۇ بار. بى-
راق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىدىن قارىغاندا ئۇنداقلار يەنىلا
ئاز. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيە-

ىنىڭ سۇسلۇقى، بىغەملىكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

مەن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئىشخانىسىدىن چىقىۋېتىپ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: بۇ مەكتەپتىكى قىسمەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ناچار خاھىشلار، يەنى ھورۇنلۇق، تەييارتاپلىق، بىغەملىك، مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىمەسلىك روھىي ھالىتىدىن ئىبارەت.

## تېڭىرقىغان ئەقىللەر

... بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ھالەت. قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان ھاقارىتى. ئەخلاقلىق، تېرىشچان، ئاڭلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش، مەسخىرە قىلىش زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ يەنىلا ئاڭ-سەۋىيىنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان.

بىز ئويۇن - كۈلكىدە، يەپ - ئىچىشتە، كىيىم - كېچەكتە پوچىلىقتا رىقابەتلىشىۋاتىمىز. بىر - بىرىمىزنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىمىزغا ھەۋەس قىلىمىز. بۇ، بىلىم ئېلىش يولىدا كېچە - كۈندۈز تەر تۆكۈۋاتقان ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن كارىمىز يوق. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىمىزگە ئوخشاش لايغەزەل بولۇپ يۈرۈشىنى ياخشى كۆرىمىز. بىرەر قېتىم سوئالغا ئۇرغۇن ساۋاقداشلار جاۋاب بەرمىگەندە بىرسىمىز جاۋاب بەرسەك سەت كۆرۈنۈپ قالىمىز. بىر - بىرىمىزنىڭ قالاقلىقىنى، رەزىللىكىنى، ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىمىزنى كۈچىمىزنىڭ بارىچە يو-

شۇرىمىز، يېزگەيمىز. ئالغا ئىنتىلىدىغان تىرىشچان
ساۋاقداشلارنى قانداقتۇر «قۇرۇق ئاكتىپ»، «يالاق-
چى»، «كىتاب خالتىسى» دېگەندەك لەقەملەرنى قويى-
مىز. ھەتتا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ھاقارەتلەيمىز. پاش-
قىلار بىزنىڭ قالاق تەرەپلىرىمىزنى قامچىلىسا ئەل-
ۋەتتە ھار كېلىدۇ، غەزەپلىنىمىز. ئۇنداقتا نېمە ئۈ-
چۈن ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى تونۇمايمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ
يېتەرسىزلىكىمىزنى پاش قىلىشتا جۈرئەت قىلالمايمىز؟
مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىر - بىرىنى تەربىيىلەي-
دىغانلاردىن كۆرە، بىر - بىرىنى زەھەرلەيدىغان خا-
ھىشلار باش كۆتۈرۈپ قالدى. باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە
ئوخشاشلا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئايلىنىشىنى خالايدى-
غانلارمۇ ئاز ئەمەس.

بەزى ساۋاقداشلار مىللىي غۇرۇر ھەققىدە ھە-
دەپ داۋراڭ سالىدۇ - يۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ قايسى يول
بىلەن روناق تاپىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ. بۈگۈنكى
كۈندە مىللىي غۇرۇر سىزنىڭ ئۆز مىللىتىڭ مەدەنى-
يىتىگە قوشقان تۆھپەڭ بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك.
مىللىي غۇرۇرنىڭ ئاساسلىق مەنىسى شۇ. ئەجدادلى-
رىمىز ئۆز ۋاقتىدا يالقۇنجاتقان مەشئەلنىڭ داۋام-
لىق يېنىپ يالقۇنجىشى ئۈچۈن بىر قانچە ئەۋلادنىڭ
يانمىقى كېرەك.

مەكتىپىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبى-
تى 64 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. بىراق بىزنىڭ كۆتۈپ-
خانىلىرىمىزدا، قىرائەتخانىلىرىمىزدا، تەكرارخانىلى-

رەمىزدا مىللىي ئوقۇغۇچىلار نېمە ئۈچۈن كۆپ ئەمەس؟ ئېتىبار بېرىش، يار - يۆلەك بولۇش ئاخىر يوقىلىدۇ. بىر كۈنلەر كېلىپ ياشاشتا ئىمكانىيەت قالمىغاندا پۇشايمان قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس...

مانا بۇ — 1989 - يىلى مارتتا مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى. گەرچە بۇ ئوقۇغۇچى ھاياجانلىنىپ، ھېسسىياتلىق سۆزلىگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي تۇرالمايمىز، ئۇنىڭ پاكىتلىرىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، رېئاللىق ئالدىدا كۆز يۇمالمايمىز.

## قورقۇنچلۇق رەقەملەر

مەن مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئايشەم ئىسمىن بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتىمەن. ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگەچكە، ھەمىشە جىددىي قىياپەتتە تۇرىدۇ. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى ئۇنى تولىمۇ مەيۇسلەندۈرىدۇ.

بۈگۈن ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئارتۇق گەپ قىلمىدى، بىر پارچە ماتېرىيالنى تاشلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ چىقتىم:

«1985 — 1986 - يىللىق ئوقۇش يىلىدا، ئوقۇش

تەۋەلىكى بىكار قىلىنغان ئوقۇغۇچى 25 نەپەر، 1986 — 1987 - يىللىق ئوقۇش يىلىدا ئوقۇش تەۋەلىكى بىكار قىلىنغانلار 37 نەپەر. بۇلاردا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 61 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. 1987 — 1988 - يىللىق ئوقۇش يىلىدا ئوقۇش تەۋەلىكى بىكار قىلىنغانلار 17 نەپەر، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 51 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ».

مەن ئۇنىڭدىن بۇلارنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بىلىۋالدىم. بەزىلىرى، بىر مەۋسۇمدە 50 سائەتتىن ئارتۇق سەۋەبسىز دەرس قالدۇرغانلار ئىكەن. بەزىلىرى بىر مەۋسۇمدە ئۈچ دەرستىن لاياقەتلىك بولالمىغان ھەمدە تولۇقلاپ ئېلىنغان ئىمتىھاندىمۇ لاياقەتلىك بولالمىغانلار ئىكەن. يەنە بىر قىسمى ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار ئىكەن.

× × ×

بۇ كىشى — مەكتەپ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا ئاكا. بۇ كىشىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئازاب ئىچىدە ياشاپ كەلدى. چۈنكى كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىغىنى قاش - قاپاقلىرى يېرىلغان، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان، كىيىم - كېچەكلىرى تىتىلىپ كەتكەن، مەست بولۇپ يىقىلىپ قالغان، پىچاق زەربىسىدە قورسىقىدىن تۆشۈك ئېچىلغان مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

ئۇمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي بىر خاتىرىنى ماڭا تەڭلىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان بۇلار قوبۇل قىلغان ھەمدە بىر تەرەپ قىلغان جېدەل - ماجىرالار ھەتتا جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى ھەققىدە كۆپ ئىكەن. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەنزە سادىر قىلىش نىسبىتى 70 پىر-سەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن.

باشلىقنىڭ خاتىرىسىدىن يەنە مۇنۇلارنى كۆ-رۈپ چىقتىم ۋە چۆچۈپ كەتتىم: «...ئەدەبىيات فاكۇل-تېت ئوقۇغۇچىسى، ئەر، ئۇيغۇر، 1988 - يىلى ھاراق سورۇنىدا ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى بىلەن پىچاق سېلىشقان ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قولغا ئېلىن-غان. 1989 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆ-كۈم قىلىنغان. يەنە مەكتىپىمىزنىڭ ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىسى قاماقتا.»

## خاتىمە

مەكتەپ يەنىلا كۆلكە - چاقچاقلار بىلەن تولغان.

بەزى ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىدىن كۆلكە ياغىدۇ، مەك-تەپ ئورمانلىقىدىن، ھەر بىر چۆپلۈكلەردىن كۆلكە ياغىدۇ، ناخشا ياغىدۇ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇر-غان يوللاردا توپ - توپ بولۇشۇپ مېڭىشقان قىز - يى-

گىتلەرنىڭ ئاياغلىرىدىن كۈلكە تامىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن كۈلۈشىدۇ؟ قانچىلىك شان-شەرەپكە ئېرىشكىنىدىن كۈلۈشىدۇ؟ خۇشال بولۇشىدۇ؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ راھەت-پاراغەت كۆرۈش تەمەسىنى قاندۇرۇشقا تاشقى جەھەتتىن بىرەر ھىمات-يۆلەنچۈك تاپالمىغاندىلا، لېۋىنى چىشلەپ بېشىنى سىلكىيدۇ. بۈگۈنكى كۈلكىلىرىنىڭ بىمەنە، بىچارە كۈلكە ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا ھېس قىلىشىدۇ. بۇ بىر ئاددىي ھەقىقەت.

بىلىم يۇرتىدا بىلىمسىز يۈرگەنلەر، بىلىمنى، مەدەنىيەتنى كۆزگە ئىلمىغانلار كۆپ ئىكەن، بۇنى ئانچە قورقۇنچلۇق دېمەسەن، بۇنى ئۆزگەرتەلمەسلىكنى قورقۇنچلۇق دەپ بىلەيلى.

ئۆزىنى قالاق ئەمەس دەپ ھېسابلايدىغان ستۇدېنتلار بۇ نۇقتىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقسۇن.

دېمەكچى بولغانلىرىم تۈگەپ قالغاندەك قىلىدۇ. ھۆرمەتلىك كىتابخان، شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايىكى، يۇقىرىدا دېيىلگەن ئەھۋاللار ئاساسەن قىسمەنلىكتىن ئىبارەت. لېكىن ... ئەقىللىق باغۋەن ئالمىغا دەسلەپ قۇرت چۈشكەندىلا ئۇنىڭ يولىنى قىلىپ ئالمىنى پالاكەتتىن ساقلايدۇ. ھالبۇكى بىز ئاشۇ باغۋەنچىلىكمۇ بولالمامدۇق؟!